# 2008·5

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

源泉（布拉克）⊙ BULAK

我的e家
爱没有距离 家就在身边



## مېنىڭ e ئائىلەم ــ e8 بەھرلىنىش يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتىنىڭ سەرخىل كەسپلىرى

### e8 بەھرلىنىش يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى سىزگە يېڭىچە تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ.

e8بەھرلىنىش يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى مەخسۇس ئائىلە ئابونتچىلىرىنى ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. e8 بەھرلىنىش مۇلازىمىتىنى تاللىسىڭىز، «e ئائىلە ئالاقىسى مۇلازىمىتى»، «e ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى»، «e ئائىلە شادلىقى مۇلازىمىتى»، «e ئائىلە ئۇچۇرى مۇلازىمىتى» قاتارلىقلارغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ ئەلا سۈپەت ۋە سەرخىل ئۇچۇرلۇق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايسىز.

1. دەرىجىدىن تاشقىرى 3M كەڭ بەلۋاغ تورى ئارقىلىق كۆپ كومپيۇتېردا تورغا تېخىمۇ تېز چىقالايسىز.
2. سىمسىز تور ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە تورغا چىقالايسىز؛ قىزىق تور بولسا ئەركىن ھەم چەكسىز.
3. شەھەر ئىچى سۆزلىشىشنىڭ ئايلىق كۆتۈرە ھەققى تۆۋەن بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئالاقىلىشەلەيسىز.
4. iTV تېلېۋىزورىدا نومۇرلارنى خالىغانچە تەلەپ قىلىپ كۆرەلەيسىز.
5. كىچىك e دا بىر كونۇپكا بىلەنلا ناھايىتى مول ۋە سەرخىل مەزمۇنلاردىن بەھرىمەن بولالايسىز .
6. e ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى مالىيە كەسپىنى چۈشىنىش ۋە مالىيە باشقۇرۇشىڭىزدىكى ياخشى ياردەمچىڭىز بولالايدۇ.
7. e ئائىلە شادلىقى مۇلازىمىتى ئارقىلىق كانتا زىياپەتلەردىن خەۋەردار بولالايسىز ۋە ئۇ سىزگە ھەر ۋاقىت خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

中国
CHINA
世界触

用户至上 用心服务 *Customer First Service Foremost*
中国电信乌鲁木齐分公司
客户服务热线
Customer Hotline

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

29 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 122 ـ سان



— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن.

# بۇلاق

2008 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«مەجمۇئەتۇن ـ نەسايىھ»تىن ........................ مۇھەممەدئەيسا ھاجى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھۇسەينىي غەزەللىرىدىن ............... نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى بارات (10)

### شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

«ساياھەتنامە»دىن ........................ ئىبنى بەتتۇتە (24)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچىلار: مەھمۇد زەيدى، مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

### ئەدەبىي مۇھاكىملەر

«يۇسۇپ ـ زىلەيخا»نىڭ ئارخىپى ........................ ئەنۋەر مەتسەيدى (41)
«ئابدۇراھمان خوجا» داستانى ھەققىدە ................ ئەلانۇر يۇسۇپ (57)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار ........................ ھەلىمىگۈل ئابلىز (62)

## فولكلور تەتقىقاتى

قائىدە ـ يوسۇن مىللىي ئۆزلۈكنىڭ جۇلاسى ........................ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (69)

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىمىز

ۋەخپىلەرنىڭ تېپىلىشى توغرىسىدا ........................ راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (84)

## ھېكمەت خەزىنىسى

ئەللامە زەمەخشەرىي ھېكمەتلىرى ........................ تەرجىمە قىلغۇچى: مەنسۇرجان تۇرسۇن (88)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

«ھاتەمنامەئى تۈركىي»دىن ........................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بوگو (91)
نىياز باقى لەتىپىلىرى ........................ توپلىغۇچىلار: مۇتەللىپ پالتا ھاجى، ئابلەت ئابدۇللا (101)

## ئالاھىدە سەھىپە

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرى ........................ (111)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: «دىۋانى ھافىز» غا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم (ئىران)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

# «مەجمۇئەتۇن ـ نەسايەھ»تىن

مۇھەممەدئەيسا ھاجى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئەييۇھەنناس، ئەي خەلايىق، خاھى ئەركەك، خا تىشى،
فىكر قىل بۇ دۇنيادا مەرغۇب نىمە مەزلۇم كىشى.
بىر خوتۇن يوق ئۆي قاراڭغۇ گۆر ئىرۇر بىلگىل مۇنى،
بولسە ھەر ئۆيدە كۆرۈڭ، ئۆيگە چىراغ مەزلۇم كىشى.
فىكر ـ تەدبىر ياخشى، قابىل، گەر ھىلىم بولسە ئىغىر،
كاتتا بىر ئۆيىنىڭ يۈكىنى كۆتەرۇر مەزلۇم كىشى.
ئۆي ئىچىنى تىندۇرۇپ بەلايى بارقە ھەممەدىن،
ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىغەم قىلۇر مەزلۇم كىشى.
ئۆي ئىچىغە لازىماتلىغ ھەرنىمە ئىستەب تافىپ،
ئەر كىشىنىڭ قۇلاقىنى تىندۇرۇر مەزلۇم كىشى.
گۆشت، ياغۇ زىرە، فىننە، دارۇ دامانىنى يىغىپ،
توزىماقنى جايى بىرلە سەرف ئىتەر مەزلۇم كىشى.
ئەسكىسى ئىتدىن بەتەر، توڭغۇزمۇ ئاندىن ياخشىراق،
ئۆبدىنى يۈز ئەردىن ئارتۇق ھىممەتى مەزلۇم كىشى.
ئۇشبۇ دۇنيا كارىنىڭ تەدبىرىنى تافشۇر ئاڭا،
جۇغلاسە ئاز كۇندە مالۇ مال قىلۇر مەزلۇم كىشى.
ئاخىرەتنىڭ تەدبىرىنى سەن ئانىڭدىن سورماغىل،
كارى دۇنيا تەدبىرىنى خوب بىلۇر مەزلۇم كىشى.
ياخشى مەزلۇم ئەر كىشىنىڭ غېمىنى دائىم قىلۇر،
بىر نەفەس بولماس فەرامۇش ئىردىن مەزلۇم كىشى.

ھەممەتى زور بىر خوتۇن يۈز پادىشاھنى ئۆزاتۇر،
بۇ تەمامى دۇنيانىڭ ئابادىدۇر مەزلۇم كىشى.
.........①
نازەنىنى ياخشى تەۋازىئلىك ئىسە بىلگىل تېخى،
ھۆر ـ غىلماندىن ئۇشۇقراقدۇر ئۇ شول مەزلۇم كىشى.
خەير ـ ئېھسان، ياخشىلىق، بىل جۈملەسى ئاندىن بولۇر،
مەزھەبى كەڭ، چېھرەسى ئوچۇق ئىسە مەزلۇم كىشى.
كەلسە مېھمان ئۆيىگە خاھ ئېرى بولسۇن ـ بولماسۇن،
ھەق ئۈچۈن قىلسە قىلۇر كۆپ ياخشىلىق مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ خاتۇنى بولسە ئۆيىدە پارسا،
ھېچنېمە لازىم ئەمەس، جەننەت بولۇر مەزلۇم كىشى.
قىلسە ھەر مەزلۇم كىشى ئۆز شەۋھەرىغە ياخشىلىق،
ھەق تەئالادىن كېرەمدۇر ياخشى بەلەن مەزلۇم كىشى.
تول كىشىنىڭ تائەتى شەك بىرلە بولماسلار قەبۇل،
يا قەبۇل بولماس ۋەلې گەر بولماسە مەزلۇم كىشى.
خاتۇنىنىڭ قۇچاغىدىن قوفسە ھەركىم ئويغانىپ،
باھۇزۇر بولغاي ئىبادەت بولسەلەر مەزلۇم كىشى.
خاتۇنى يوقلار بولۇر شەيتانغە خاتۇن ئاڭلاغىل،
قاچقۇسىدۇر ئاندە شەيتان بولسەلەر مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ خاتۇنى يوقدۇر، ئانى ئادەم دېمەڭ،
ئادەمىيلەرغە بىلىڭ زىننەت بولۇر مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ خاتۇنى بولسە، بولۇر تائەت ھۇزۇر،
بولماسە بولماس ھۇزۇر تائەتدە گەر مەزلۇم كىشى.
ھەم ئۇ ئالەم، ھەم بۇ ئالەمنى قىلۇر ئاباد كۆرۈڭ،
ياخشى، سالىھ، مۇندا مۇئمىن بولسەلەر مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ بولسە دىيانەتلىك بىلىڭ بىر خاتۇنى،
ئېرىنىڭكى دەۋلەتىنى ئاشۇرار مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ ئۆيىدە بولسە ئەگەر بىر فىرى زەن،
دەۋلەتى ھەرقانچە كۆپ بولسە قىيىن مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ ئۆيىدە ئىقبالى ئارتۇق بولماسە،
ئۆيدە ھەرگىز بولماغاي بەرىكەت ئەگەر مەزلۇم كىشى.
ھەر كىشىنىڭ دەۋلەتى ئىقبالى ئارتۇق بولسەلەر،
ئول كىشىنىڭ ئۆيىدە بار پارسا مەزلۇم كىشى.
ھەر خوتۇن قوفسە سەھەر دەۋلەتى بولغاي فۇزۇن،
ئەر كىشىگە ئىككى دۇنيا دورادۇر مەزلۇم كىشى.

① بۇ يەردە 6 مىسرا پەرىشەدە بولۇپ كەتكەن.

ھەر كىشىنىڭ خاتۇنى يوق كەلمەدى دۇنىياغە ئول،
ئۇشبۇ دۇنيا لەززەتى بىلگىل تەمام مەزلۇم كىشى.
بىر خوتۇننىڭ لەززەتى سەككىز بېھىشت مانەندەدۇر،
لەززەتى دۇنيا تەمامى لەززەتى مەزلۇم كىشى.
بىر خوتۇننىڭ لەززەتىنى كۆرمەگەن نادان، ساراڭ،
ئىككى ئالەم ئول كىشى بىلگىل ئېرۇر مەزلۇم كىشى.
ياخشى خاتۇن گەر ئاتا قىلسە خۇدايىم بەندەگە،
بىل تەمام ئۇمرىدە شاددۇر دەۋلەتى مەزلۇم كىشى.
ياخشى خاتۇن لەززەتى بىلگىل ھەمىشە شادلىق،
ئۇشبۇ دۇنيانىڭ تەمامى دەۋلەتى مەزلۇم كىشى.
ھەرنېمەكىم سۆزلەسەم مەزلۇم كىشىنىڭ ھەققىدە،
يۈز تۈمەنمىڭ ئاز ئېرۇر تەئرىف قىلار مەزلۇم كىشى.
يەتتە ئىقلىمغە ئەگەر سۇلتانى بولساڭ پادشاھ،
ھەم ئۇشۇقراقدۇر ئانىڭدىن دەۋلەتى مەزلۇم كىشى.
خارلىق ھەم زارلىق، بىچارەلىق بولغاي تولا،
بولماسە ھەر ئۆيدەكىم بىر قارا باش مەزلۇم كىشى.
باشى فاخفاق، قۆڭى دوڭغاق، فۇتى مايماق بولسامۇ،
فوتلە، شالۇك بولسامۇ ھەر نېمەدۇر مەزلۇم كىشى.
قارىلىقتە تىشى قالماي، ئاغزى قالسە پۈرۈلۈپ،
قاشۇ كىرفىك، ساچلارى ئۇچىدەك ئېسىر مەزلۇم كىشى.
بەللەرى قىسماق مەسەللىك مۈكچەيىپ دوك بولسامۇ،
بولغانى خوپ ھەرنېكىم گەر ئۆيۈڭدە مەزلۇم كىشى.
فۇخاقى گۇنبەز مەسەللىك كاللاسى قوش بولسامۇ،
بولسە ئۆيىنىڭ چىراغى ھەرقانچە سەت مەزلۇم كىشى.
تىلى مەلتۇك، قولى مايماق، فۇتى ئاقساق بولسامۇ،
قارىغۇ يا ساغرىغۇ ھەر نېمەدۇر مەزلۇم كىشى.
بۇيى كالتە يا ئۇزۇن، يا ئاق ـ قارا، تاز بولسامۇ،
كۆزلەرى كۆك، تىشلارى تاماق ئېسە مەزلۇم كىشى.
ھەم چىرايلىغ، غۇنچە بويلاغ، رەڭگى ئاق ساز بولسەغۇ،
جۇملە ئالەمغە فىسەنددۇر بولسە گەر مەزلۇم كىشى.
........①
ئەي يارانلار، قىلمە ئىسراف سەن ئۇنى دەشنام قىلىپ،
ھەق تەئالادىن ئىنايەت بەندەگە مەزلۇم كىشى.
قارى ئەركىم ياش خوتۇننى ئارزۇ كۆپ ئەيلەسە،
كۆپ گۇناغە شەرك ئېتەر ياش بولسەلەر مەزلۇم كىشى.

① بۇ يەردىن 8 مىسرا پەرسۇدە بولۇپ كەتكەن.

قارى ئەرگە ياش خوتۇن ھەرگىز ئۆگەنمەس ئۆلگىچە،
فۇل ـ مالىڭنى يەپ تۇگەتسە قاچغۇسى مەزلۇم كىشى.
ياش ـ قارى ھەم چوڭ ـ كىچىك، ئۆز ـ سەت، بارى ئوخشاش ئېرۇر،
ئادەمىيغە لەززەتى ئارامى جان مەزلۇم كىشى.
بۇ تۇخۇمنى نەچچە رەڭدە بوياسە ئوخشاش ئىچى،
شۇڭا ئوخشاشدۇر ياتىشدا لەززەتى مەزلۇم كىشى.
چوڭ ـ كىچىك، كەڭ ـ تار ئولتۇرمىش، نەچچە خىلدا نەچچە رەڭ،
ئاق، سېرىق، قارا، قىزىل، كۆك راھەتى مەزلۇم كىشى.
لەززەتى ھېچ راھەتى مەزلۇم كىشىغە ئوخشاماس،
كېچە ـ كۈندۈز ئىستەشۇرلەر لەززەتى مەزلۇم كىشى.
ھېچ بىر مەزلۇم كىشىنىڭ تەئرىفى ھەددىن فۇزۇن،
ئوتدىن ئالغاي، ئوتغە سالغاي كىمىيا مەزلۇم كىشى.
ئەر ـ خوتۇن بىر ئۆيدە بىللە ئولتۇرۇپ تەڭ قارىسا،
بىللە ياتسە، بىللە قوفسە ھەر سەھەر مەزلۇم كىشى.
ئىكى دۇنيادە ئۇلارغە ھېچنېمە لازىم ئەمەس،
مۇڭداشىپ دائىم ـ ھەمىشە ئەر ـ خوتۇن، مەزلۇم كىشى.
ئۇشبۇ دۇنيادە خوتۇندەك ياخشى مەرغۇب نەرسە يوق،
ئەر كىشىنىڭ سىررى ـ ئەسرارى ئېرۇر مەزلۇم كىشى.
ئاتا ـ ئانا، بالا ـ بارقە ياشۇرۇتغان سۆزلەنى،
بىئىبا دەرسەن ئاڭا مەھرەم ساڭا مەزلۇم كىشى.
سىررى ـ ئەسرارىڭنى ئايتمە بەئزىنى مەھرەم بىلىپ،
بەئزى خاتۇن ئابرۇيۇڭنى تۆكەر مەزلۇم كىشى.
ھەر خوتۇن شەمسى قەمەر ئول مادەخەردۇر بىئەدەب،
بولسە نامەھرەم نەزەرگە ھۇردۇر مەزلۇم كىشى.
ھەر خوتۇنكىم ئەقلى بولسا، رازى قىلسۇن ئېرىنى،
جەننەت ئىچرە پادشاھ بولغاي ئۇشول مەزلۇم كىشى.
ھەق تەئالا ئەمرىنى تۇتماقدا گۇناھ بولسەمۇ،
رازى قىلسە ئېرىنى جەننەتتەدۇر مەزلۇم كىشى.
...... ①
ئوبدانى دائىم سىنىڭ ئەيبىڭنى يافغاي ھەر نېچە،
يۈز تۇمەنمىڭ بولسە ئەيبىڭ يافغۇسى مەزلۇم كىشى.
ئەسكىسى دائىم ئېرىنىڭ ھەققىدە غەيبەت قىلۇر،
ئېرىنىڭ ئەيبىنى ئايتىپ سىندۇرار مەزلۇم كىشى.
ئەي ئوغۇل، ئەسكى خوتۇننى سەن ئۆيۈڭدە ساقلامە،
ئاقىبەت يۈزۈڭنى سۆرۈن ئەيلەگەي مەزلۇم كىشى.
ئېرىنىڭ نامىن چىقارغان ياخشى خاتۇندۇر، بىلىڭ،
ئەيبىنى يۇشىدە ئەيلەپ يوق قىلۇر مەزلۇم كىشى.
...... ②

①② بۇ يەرلەردە مىسرالار پەرسۇدە بولغان.

ئېرىنى نارازى قىلسە ھەر خوتۇن بۇ دۇنيادا،
كۆپ ئەزاب كۆرگەي قىيامەتدە ئۇشول مەزلۇم كىشى.
ھاجى ئەيسا، كۆپ دېمە مەزلۇم كىشى ھەققىدە سۆز،
ئۇشبۇ سۆزنى قۇلاقىغە ئالماغان مەزلۇم كىشى.

※ ※ ※

ھەممە ئىشنىڭ ئەفزەلىدۇر ھەممىمىزگە موللالىق،
ئەقلىغە قۇۋۋەت بېرىپ كۆپ ئىش قىلادۇر موللالىق.
موللالىقنىڭ ھۆرمەتىنى سەن خەلايىق ئاڭلاساڭ،
ھەممە ئىشدە رەسا لازىم بولادۇر بۇ موللالىق.
بىر خۇدانى تونۇماي يولدىن ئازىپ قالغانلىنى،
ياندۇرۇپ يولغە سالىپ دەرۋىش قىلادۇر موللالىق.
كۆڭلىغە كەلمەس نە ئىشلار ئۆزى خامۇش ۋەقتىدە،
سۆزلەيەلمەس تىللانى گويا قىلادۇر موللالىق.
سەن ئەگەر قىلساڭ تۈركلەر موللالىقنى ئارزۇ،
موللاغە ئىززەت قىلىپ قىلغىل ئاڭا كۆپ ياخشىلىق.
موللاغە قىلسە ھەقارەت ئول كىشى كافىر بولۇر،
ئول رەسۇلى مۇستەفا بولماس ئانىڭدىن رازىلىق.
چۈن مۇھەممەد، چەھار يار بولسە كىشىدىن نارىزا،
تاڭلا مەھشەردە كىشىگە كەلمەگەي ھېچ شادلىق.
ئەي خەلايىقلار، بالاڭنىڭ كەچ ئىشىدىن، موللا قىل،
يەتتە دەۋزەخدىن سېنى ئازاد قىلادۇر موللالىق.
ھەر كىشى سەللە ئوراپ يۈرسە شەرئىەت ھۆكمىدە،
ئۇلسە جەننەتكە ئانى داخىل قىلادۇر موللالىق.
ھەر كىشى سەللە كىيىپ يۈرسە، ئانى موللام دېمەڭ،
بەئزىسى بولغاي تەماگەر ھەم تەمەننا موللالىق.
ئەي خەلايىق، موللادىن دوست تۇتمە ھەرگىز سەن ئانى،
ھەممىدىن قۇرلاپ يىغىپ، بىر يولى قىلغاي ناشتەلىق.
بەئزىسى بولغاي دۇئاخان، قۇل ئۇچۇن قەسد ئەيلەگەي،
بەئزىسى زالىم بولۇر قىلغاي ئەجايىب بەدقىلىق.
موللالارنىڭ ئەفزەلى ھەق ئەمرىگە مايىل بولۇر،
ھەق بۇيۇرغاننى قىلۇر قىلغاي ھەمىشە ياخشىلىق.
موللالارنىڭ ئەسكىسى دائىم رىيا قىلغاي ئەمەل،
ھەممەنى يىغىپ كېلىپ، قوللاب قىلۇر ناشتەلىق.
ھاجى ئەيسا، ھەم يامان، ياخشىنى سەن قىلدىڭ سىفەت،
ھەرنىمە تاپساڭ بېرىپ مىسكىنغە ئەيلە ياخشىلىق.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئارامغا چىققان.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھۆسەينىي غەزەللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **توختى بارات**

مۇھەررىردىن: ھۆسەين بىننى بايقارا بىننى ئۆمەر شەيخ بىننى تېمۇر (تەخەللۇسى: ھۆسەينىي) مىلادىيەنىڭ 1438 ـ يىلى ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن. 1469 ـ يىلىدىن 1506 ـ يىلىغىچە خۇراسان ھۆكۈمدارى بولغان. ئۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەكتەپداش دوستى بولۇپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئىز قالدۇرغان لىرىك شائىردۇر. ھۆسەين بايقارا دەۋرىدە سەلتەنەت پايتەختى بولغان ھىرات شەھىرى پۈتۈن شەرقتە ئىلىم، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ياشنىغان مەركىزىگە ئايلانغان.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ھۆسەينىي غەزەللىرىدىن تاللاپ ئېلان قىلىنغانىدۇق. ھۆسەين بايقارانىڭ بۇ قېتىم ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنغان غەزەللىرى تېكىستولوگىيە جەھەتتە بەزى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بۇ غەزەللەر تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەن» ناملىق كىتابقا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

※ ※ ※

نې ئەجايىب خۇي ئېرۇر، ئەي شوخ سىيمىنبەر ساڭا
كىم نېچە مېھرىڭگە جان بەرسەم ئەمەس باۋەر ساڭا.
يا ساڭا يوق رەھم، يا پەيغامىم ئايتۇردە سەبا،
قىلمادى زاھىر مېنىڭ ھالىمنى، ئەي دىلبەر، ساڭا.
چۈنكى دىۋانەڭمەن، ئالغۇم يوق ئېتەكىڭدىن ئىلىك.
گەر جەفا يۈز مۇنچە بولسا، ئەي پەرى پەيكەر ساڭا.
خاھى جەۋرۇ زۇلم قىل، خاھى ۋەفاكىم، ھەرنەفەس،
ۋالەۋۇ دىۋانەراقتۇر، جانى غەمپەرۋەر ساڭا.

ھەددىن ئۆتكۈرمە، ھۇسەينىيغە جەفاۋۇ رەھىم قىل،
كىم ئۇلۇس شاھىدۇرۇر، لېكىن ئېرۇر چاكەر ساڭا.

※ ※ ※

فۇرقەتىڭدىن يوق ئىدى جىسمىمدا جان، جانىمدا تاب،
كۆزدە خۇناب ئىردىيۇ، غەمكىن كۆڭۈلدە پىچۇ تاب.
نې دەمى دەردۇ غەمىڭدىن بار ئىدى ئارامۇ سەبر،
نە زەمانىي داغى ھەجرىڭدىن بار ئېردى خوردۇ خاب.
ناگەھان يەتتى سەۋادى نامەڭ ئول جان مۇژدەسى،
ئول سىفەتكىم سەفھەئى كافۇرى ئۈزرە مۇشكى ناب.
ئوقۇغاچ مەزمۇنىنى، جانسىز تەنىمغە بەردى رۇھ،
ئۆيلەكىم ئىيسا دەمىدىن ئايەتى ئۇممۇل - كىتاب.
بۇدۇر ئۇممىدى ھۇسەينىينىڭكى يەتكەي ۋەسلىڭە،
ھەق نەسىب ئەتكەي ئانى، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس - سەۋاب.

※ ※ ※

تەلبەرەپ ئىتكەن كۆڭۈلنى ئىستەدىم ھەريان بارىپ،
كۇھۇ، دەرياۋۇ، بەيابانلارنى بىر-بىر ئاختارىپ.
تاپتىم، ئېرسە ئولتۇرۇپتۇر، يۈز غەمۇ ئەندۇھ ئىلە،
يار زۇلفىدىن بەتەررەك، روزگارى توڭتارىپ.
ۋەھكى، سورغاچ ھالىنى، تىنماي تۆكۈپ دېدى سىرىن،
يەتتە گەردۇندىن فىغانۇ، ئوتلۇق ئاھىن ئۆتكەرىپ.
ۋامىقۇ، فەرھادۇ، مەجنۇن مىھنەتىمغە تۆزمەيىن،
كۆيدىلەر ئاھىم ئوتىدىن، ھەر بىرى بىريان بارىپ.
مەن داغى تۆزمەي ئانىڭ، ئىستەپ ۋەتەن دەپ كۆيمەكىن،
يۈز تۈمەن تەكلىف بىلەن، كەلتۈردۈم ئانى يالبارىپ.
كەلتۈرۈپ چاك ئەيلەبان، كۆكسۈمنى سالدىم ئورنىغە،
فۇرقەتۇ كۆيمەك ئوتىدىن، بارىسىدىن قۇتقارىپ.
ئەي ھۇسەينى، ئول كېلىپ، تۇتقاي ۋىسالى جۇرئەسىن،
تىندۇرۇپ كۆڭلۈمنى مەن ھەم ئىچتىم ئانى سىپقارىپ.

※ ※ ※

بىر مۇسافىر ئوي خەيالى، قىلدى كۆڭلۈمنى خەراپ،
قالمادى جانىمغە ئانسىز، بىر زەمان تاقەت نې تاب
بىر ئەجايىپ سۆز ئىشىتكەچ، ئول مۇسافىردىن بۇ كۈن،
باردى كۆڭلۈم ئوترۇۋۇ جانىمغە تۇشتى ئىزتىراب.
ۋەسلىدە كۆز گاھى يىغلار، گاھ باقار رۇخسارىغە،

گاھى ياغىپ، گاھى تۇرغاندەك، بەھار ئولغاچ سەھاب.
ۋەسلى ئىقبالىدە كۆپ ئازۇردە مەن ئەغياردىن،
ۋەھ، نې تالىئدۇركى، تارتارمەن بىھىشت ئىچرە ئەزاب.
پەردەدەك ئۇل يۈزگە يۈز سۈرتەرگە خۇد يوقتۇر ھەدىم،
بەس يۈزۈم سۈرتەرگە بولسا گەر مۇيەسسەر ئۇل نىقاپ.
ساقىيا، بىرلەئىلگۈن لەب شەۋقىدىن ئاشۇفتەمەن
تۇت لەبا لەب جامى ياقۇتىغە سالىپ لەئلى ناب.
ئەي ھۈسەينىي، يار ھەردەم غايىب ئولغاچ كەچ كېلۇر،
سەھۋ ئىمىش ئۇل نۇكتەكىم، ئەل ئۇمر ئىشىن دەرلەر شىتاب.

※ ※ ※

ۋەھكى ھىجران بەرقىدىن تۇشتى شەبىستانىمغە ئوت
ئۆچقۇنى بىرلە تۇتاشتى، بەيتول ـ ئەھزانىمغە ئوت.
روزگارىمنىمۇ ئىشق ئەتتى، قارا يا بولدى دۇد،
ھەجر چۈن غەم دەۋزەخىدىن سالدى ۋەيرانىمغە ئوت.
ئىشق ئوتىنىڭ شۇئلەسىدىن كۆيدى كۆڭلۈم يا مەگەر،
تۈشتى سوزان ئاھىدىن، مەجنۇنى ئۇريانىمغە ئوت.
ئالەم ئەھلى جانىمى كۆيدۇردى يالغان ئەھد ئىلەن،
مۇنچەكىم بەردى ئىكىن ئۇل ئەھدى يالغانىمغە ئوت.
بادە تابىدىن مەگەر لەئلىنىڭ بۇلۇپتۇر ئاتەشىن،
يا مەگەر مەي لەمئەسى سالدى مېنىڭ جانىمغە ئوت.
دېدىم: «ئوقۇڭ تەگسە دەردىم تاغىغە ئوت چاقىلۇر»
دېدى: «سۇ ئورنىغە بەرمىش چەرخ پەيكانىمغە ئوت.»
گەر ھۈسەينىي ئاھىدىن ئوت تۈشسە ھەريان، ئەيىب ئەمەس،
ئىشق مۇنداق ھەمرەھ ئەتتى، ئاھۇ ئەفغانىمغە ئوت.

※ ※ ※

تۆكۈپ قانىم، تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ،
كۆرۈپ ھالىم، تەبەسسۇم قىلمادىڭ ھېچ.
تەبەسسۇم قىلمايىن، جانىمنى ئالدىڭ،
ئالىپ جانىم تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.
جەھان ئەھلى كۆيۈپ ئاھىمدىن، ئەي يار،
بۇ ھالىمدىن تەۋەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.
فىراقىدا، كۆڭۈل، كۆپ چەكتىڭ ئەفغان،
ۋىسالىدا تەرەننۇم قىلمادىڭ ھېچ.
ھۈسەينىي، ھەجردە ئەفغاندىن ئۆزگە
كۆرۈپ مىھنەت، تەنەئئۇم قىلمادىڭ ھېچ.

※ ※ ※

تازە بولدى، باغۇ كۆڭلۈمدە فىراق ئازارىدۇر
جىلۋە قىلدى گۈل نېتەي باغرىمدا ھىجران خارىدۇر.
سەرۋۇ گۈلدىن ھەردەم ئەفزۇن بولسا دەردىم، نې ئەجەب،
دەردلىك كۆڭلۈم چۇ ئول ھەمدەرد يارىم سارىدۇر.
ۋەھ، نېتەي گۈلنار ياڭلىغ دالىلار نەززارەسىن،
مەنكى بىر گۈلرۇخ ئۈچۈن باغرىمدا ھىجران خارىدۇر.
ناسىھا، گۈلگەشتدىن كۆڭلۈم ئىلاجىن قىلماقىم،
خەستە كۆڭلۈمگە تىكىلگەن خار ھىجران كارىدور.
چەرخى دەۋۋاردۇر ئەرىرى گۈلروخۇڭدىن گۈل چاغى،
ئەي ھۈسەينىي، بۇ فىراق ئول ۋەئدەنىڭ بولجارىدۇر.

※ ※ ※

فۇرقەتىڭدىن خەستە كۆڭلۈم قەترە ـ قەترە قان ئېرۇر،
ئەللاھ، ئەللاھ، بۇ نە ھىجران بىھەدۇ پايان ئېرۇر.
ھەرسارى يۈز زەخم ئېرۇر، جىسمىمدە، ۋەھ، ناسىھ تىلى،
ھەجر ئوقىدىن ھەر جەراھەت ئىچرە بىر پەيكان ئېرۇر.
كۆز قىلۇر بۇ ۋەجھىدىن تۈنلەر دۇرى ئەشكىن نىسار
كىم خەيالىڭ جان ئۈيىدە ھەر كېچە مىھمان ئېرۇر.
خەنجەرى جەۋرىڭ تۇرۇر، ئوتلۇق كۆڭۈل ئاسايىشى،
سۇۋ نېچۈككىم، تەشنە لەبلەر دەردىغە دەرمان ئېرۇر.
ئەي ھۈسەينىي، ھەجر ئارا بىخودلۇغۇم ئەيب ئەتمەگەي،
ھەر كىشىكىم بىر پەرى ئىشقىدە سەرگەردان ئېرۇر.

※ ※ ※

غۇنچەئى خەندان بارىپ، كۆڭلۈمدە قالدى خار ـ خار،
تىنماغۇر جانىمغە ئانىسىز دۇنيادا بارى نە بار.
سەرۋ قەدلەر، لالە رۇخلاردىن ئاچىلماس بۇ كۆڭۈل
ۋەھ، نېتەيكىم، دەھر باغى ئىچرە يوق ئول گۈلئۇزار.
ۋەسل جامىدىن ئاچىلۇر ئەردى كۆڭلۈم باغ ـ باغ
ۋاي يۈزىڭ ۋايكىم، ئول مەي بارىپ قالمىش خۇمار.
قايداكىم كۆرسەڭ ئانى، كۈلمەك بىلەن خۇرسەند ئىدىڭ،
ئەكسىن ئەيلە، ئەي كۆڭۈل، ھەر يەردە يىغلا زار ـ زار.
ۋەسل ئارا ھەردەم ساڭا جانىم فىدا ئەيلەي دېدىم
نېچۈن، ئەي ئارامى جانىم، ئەيلەدىڭ مەندىن كەنار.
بار دېمە جان، سەن غەنىيمەت تۇت مۇزەففەر ۋەسلىنى

كىم ئۆتتۈپتۇر دۇنيادا، مۇنداق بەلالار بىشۇمار.
ئەي ھۇسەينىي، يارسىز سەن نەيلەگۈڭ ئالەم ئارا،
كۆپ ئەدەم سەرمەنزىلى، ئەزمىن قىلىپ كەينىچە بار.

※ ※ ※

ئىشقنى مەنئ ئەتسەلەر، شەۋقىم ئوتى ئەيلەر سىتىز،
شۇئلە ياشلىغكىم نەفەس تەئسىرى ئەيلەر ئانى تىز.
ئىشق دائىم زەئفلىك جىسمىمنى ئىستەر ئۆرتەگەي،
ئەللاھ - ئەللاھ، نىچە قىلغاي بەرق خەس بىرلە سىتىز.
جۇزۋۇ جۇزۋىم ھەجر ئارا، بىر - بىردىن ئايرىلماق تىلەر،
كاش قىلساڭ ھەجر تىغىدىن تىنمايىنكىم رىز - رىز.
تىيرەدۇ ئول تۇررە گوياكىم فەلەك فەرۋىزىنى
خەتتىڭ ئۇزرە بولدى ھىجرانىم تۇنىدىن مۇشكبىز.
قامەتىڭ سەرۋى بۇ ئالەمدە، قىيامەت بەستۇرۇر،
جىلۋە بىرلە بەس، يانا ھەر لەھزە سالما رۇستەخىز.
ياردىن ئايرۇ تىرىكلىك ئىستەمەسمەن، ساقىيا،
ھەجرى زەھرىدىن مىنىڭ جانىمغە بولغىل جۇرئە رىز
ئەي ھۇسەينىي، رۇزى ئىشق ئەھلىگە دىلبەر كويىدۇر،
تاپسالار زۇھد ئەھلى جەننەت، سەن ئانىڭ كويىدا كىز.

※ ※ ※

كۆز قاراسىن ھەل قىلىپ، يازدىم ساڭا ئەجزۇ نىياز.
كۆز ياشىمنى ھەم سىپىپ، ئول نامەغە، ئەي سەرۋى ناز.
ئىشق ئەتكەچ ئەقلۇ - ھۇشۇم، سەبر ھەريان پۇتراشۇر،
ئوت قايان يۇزلەنسە ۋاجىبتۇر، ئول ئەلگە ئىھتىراز.
ئاشكارا جان ئەگەر، لەئلىڭ سۆزىن ئايتۇر، ۋەلىك،
ياشۇرۇن غۇنچەڭ بىلەن، كۆڭلۇمنى باردۇر ئۆزۈ راز.
ئول نە قامەتتۇركى، بارچە راستلار ئەيلەپ دۇئا،
دەركى: بۇ گۇلشەن ئارا، ئول سەرۋ بولسۇن سەرفەراز.
شەۋقۇ سەبرىم نەقدىنى، ئەيلەي ئانى كۆرگەچ فىدا،
دىمەسە ئەيب ئەيلەپ، ئول مەھۋەش بۇلارنى كۆپۈ ئاز.
چۇن ھەقىقەت نۇرى ئول، ئارەز تەجەللىسىندەدۇر
نى ھەقىقەت ئولكى: ئانىڭ ئىشقىنى ئوينار مەجاز.
ئەي ھۇسەينىي، يار كويى كەئبەسى نەۋرۇز ئىرۇر،
نى ئەجەب، گەر بىنەۋالار ئەيلەر ئاھەڭگى ھىجاز.

※ ※ ※

ئول قوياش كويىدا مەن دىۋانەنى بەند ئەيلەڭىز
بارى بۇ تەزۋىر ئىلە كۆڭلۈمنى خۇرسەند ئەيلەڭىز.
كويىدا مەن تەلبەنى، يۈز جەۋر بىرلە ئۆلتۈرۈپ،
ئول سۇئۇبەتلەرنى يۈز دىۋانەگە پەند ئەيلەڭىز.
ئىستەپ ـ ئىستەپ تاپساڭىز، كۆڭلۈمنىكىم بۇزمىش مېنىڭ،
ۋەسل تىغى بىرلە سىز، پەركەندۇ پەركەند ئەيلەڭىز.
خەستە كۆڭلۈم زەئىفى ھەددىن ئۆتسە قۇۋۋەت كەسبىگە،
دوستلار ئول يۈزۈ لەب يادىنى گۈلقەند ئەيلەڭىز.
كۆڭلەكىن چاك ئەتسە گەر ئول مەست، ئەيلەرسىز رۇفۇئ،
رىشتەئى جانىمنىڭ ھەر تارىغە پەيۋەندە ئەيلەڭىز.
كۆڭلۈمە ئىلمۇ ـ ئەدەب تەئلىمى كۆپ بەرمەك ئىلە،
ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇندەك خىرەدمەند ئەيلەڭىز.
گەر ھۇسەينىي دېسەڭىز، شۇرابە تۆككەي تەلخ ـ تەلخ،
خۇبلار، گاھى ماڭا باقىپ، شەكەرخەند ئەيلەڭىز.

※ ※ ※

يا رەب، ئول گۈل ئىچرە، غۇنچە نېگە گۇفتار ئەيلەمەس؟
يا بىلىپ بىلمەسكە سالىپ سىررىم ئىزھار ئەيلەمەس؟
تاش بىلەن پۇلاتقا ئاھىم ئوتىدۇر كار ئەيلەمىش،
نە قاتتىغدۇر ئول كۆڭۈلكۈم، ھېچ ئاڭا كار ئەيلەمەس.
ئول جەفاكەش بىلگەي ئەھۋالىم، قاتتىغ سەئىب ئىركەنىن،
كىم بولۇپ قانلار غەمى، ئىشقىمىڭ پەدىدار ئەيلەمەس
ئىشق مەنئىدە قىلۇر ناسىھ تىلى كۆڭلۈمنى رىش،
يوقسە بۇ غەم غۇنچەسىن، تاڭ ئېلى ئەفگار ئەيلەمەس.
تۇبىئى جەننەت مەگەر يۈز ناز ئىلە كەلسە خىرام،
سەرۋى نازىم ئالدىدا، ئول ئەزمى رەفتار ئەيلەمەس.
ئىنسۇ جىنغا گەرچە يوق، نالەمدىن ئۇيقۇ، ۋاھ نې سۇد
كىم، دەمى يۈز ئۇيقۇسىدىن ئانى بىدار ئەيلەمەس
سەنكى تارتىپ تىغ، ئەل بۇغىزىن چېكەرلەر ھەر تەرەپ،
بارچەسى تەئجىل ئۇچۇندۇر، كىمسە زىنھار ئەيلەمەس.
گەر ھۇسەينىي ئىشقىنى ئىقرار تارتار ئەھل زۇھد
ئەھل ئەمەسلەر، يوقسە، ئول بۇ ئىشتىن ئىنكار ئەيلەمەس.

※ ※ ※

مەندە ھەردەم يۈز نىيازۇ، ئۇندا ئىستىغناۋۇ بەس،

ھەر زەمان يۈز جان بېرەي، ئول شوخ بىپەرۋاۋۇ بەس.
دېمەڭىزكىم زۇلفى سەۋداسى، ھەزىن كۆڭلۈمدە بار،
كىم ئېرۇر دىۋانە كۆڭلۈمدە ھەم ئول سەۋداۋۇ بەس.
ئىشق تاراجىدا باردى، دىنۇ ـ ئىسلامىم داغى،
دېمەڭىزكىم، بولمىشەم دىۋانەئى شەيداۋۇ بەس.
نە كۆڭۈلدە سەبر قويدى، جانىم ئىچرە نى قەرار.
يوقكى ئىشقىڭ، ئەقلۇ ـ ھوشۇم ئەيلەدى يەغماۋۇ بەس.
يەرگە كىرسۇن ئەشكىم ئاققۇزدىيۇ باغرىم قان ئېتىپ،
يوقكى مەخفى سىرى ئىشقىم ئەيلەدى ئىفشاۋۇ بەس.
قىلمادى ئۇششاق ئەقلۇ دىنۇ، نەڭگۇ نام تەرك
مۇنچە رەسۋالىق قەبۇل ئەتتىم مەنى رەسۋاۋۇ بەس.
ئەي ھۇسەينىي، ئىشق ئىلە، چۇن ئافىيەت جەم بولمادى،
ھەرنە كەلسە ئۇرما دەم، كۆڭلۈڭ ئارا ئاسراۋۇ بەس.

※ ※ ※

ئىشق سىررىن ئاشق ئولغان مۇبتەدالاردىن بىلىڭ،
ۋەسل كامىن تاپماي ئۆلگەن بىنەۋالاردىن بىلىڭ.
ئىشقۇ ھەجرۇ دەرد قەسدىم قىلدىلار، گەر ھالىمە
ۋاقىف ئېرمەسسىز، بۇ يۈزلەنگەن بەلالاردىن بىلىڭ.
تەندە ھەر ئوق زەخمىدىن باغرىمدا ئەيلەڭ بىر باشاق،
ئول باشاقلارنىڭ ھىسابىن بۇ يارالاردىن بىلىڭ.
ئىشق ئارا ئەندۇھۇ ھەسرەتسىز، نېتەر كۆڭلۈمگە زەئف،
قۇۋۋەتىن ئول ناتەۋاننىڭ بۇ غىزالاردىن بىلىڭ.
ئەيكى، بىلمەسسىز جۇنۇنۇم، چۇن سورارسىز ھالەتىم،
ئانى شەرھ ئەيلەردە، نامەفھۇم ئەدالاردىن بىلىڭ.
بىلمەگەنلەر ئىشقىنىڭ بىدادى مەجنۇن ھالىغە،
بىر جەفا، مەن تارتقان ئول تۈرلۈك بەلالاردىن بىلىڭ.
روزگارىمنىڭ قارا بولغانلىقى، كەيفىييەتىن،
ئەيكى، بىلمەسسىز، كۆزۈ قاشى قارالاردىن بىلىڭ.
جامى جەملىك شاھلارنىڭ ھەشمەتىن مەيخانەدە،
دەرد ئۇچۇن سۇنغان سەفال، ئىلتۇر گەدالاردىن بىلىڭ.
گەر ھۇسەينىي ھالەتىن، ئىشق ئىچرە بىلمەسسىز، ئانى
رىندلىق كويىغە تۈشكەن پارسالاردىن بىلىڭ.

※ ※ ※

تۈشكەلى ھەجرىڭدە، ئەي سەرۋى گۈلئەندامىم مېنىڭ،
نە كۆزۈمدە ئۇيقۇ بار؟ نە جاندا ئارامىم مېنىڭ.

يەتكۈرۈرمەن شامغە ھەجرىڭ كۈنىن يۈز رەنج ئىلە
تاڭغە، ۋەھ بىلمەنكى، نە ياڭلىغ يېتەر شامىم مېنىڭ.
ھەرقاچان مەيگۈن لەبىڭ ھىجرانىدا چەكسەم قەدەھ،
ئىككى كۆز خونابىدىندۇر لەب بەلەپ جامىم مېنىڭ.
سوزى ئىشقىمنىڭ سەبادىن، ۋەھ، نې نەۋئ ئىرسال ئېتەي،
كىم سەمۇم ئۇلۇر ئېسە يەتكۈرسە پەيغامىم مېنىڭ
دېگەسەن، ئەي نامە ئېلتۇر پەيك، زارۇ خەستەدۇر،
گەر ھۈسەينىي ھالىدىن سورسا دىلئارامىم مېنىڭ.

※ ※ ※

زۇلف ئاچىپ، مەن تەلبەنى ئاشۇفتە ئەھۋال ئەيلەدىڭ،
چىنى ئەبرۇ كۆرگۈزۈپ، كۆڭلۈمنى بىھال ئەيلەدىڭ.
ئۆپكەلى كەلدى كۆڭۈل، زۇلفۇڭ ئۈچۈن، ئەي سەرۋى ناز،
سەرفەراز ئەيلەر مەھەلدە ئانى پايمال ئەيلەدىڭ.
جان قۇشىن سەيد ئەيلەمەككە لەئلىڭ ئۈزرە، ئەي قۇياش،
دانەئى مېھر ئەتتىڭ، ئەمما ئاتىنى خال ئەيلەدىڭ.
ھەرقاچان دېدىم: ۋەفا قىل، ئەيلەدىڭ يۈز مىڭ خەيال
ئەمدىكىم دېدىم: جەفا قىل، ئانى فىلھال ئەيلەدىڭ.
قەتل ئېتەي دەپ كەلمەدىڭ باشىمغە، ئەي سەرۋى رەۋان،
ئۆزگەلەر قەتلىغە بولدۇڭ، مۇنى ئىھمال ئەيلەدىڭ.
تىغى قەتل ئۇردۇڭ كۆڭۈلگە، شۈكر ئېرۇر، لېكىن ماڭا،
كىم، ۋەفاسىزلار غەمىدىن، فارىلغۇل ـ بال ئەيلەدىڭ.
گەر ھۈسەينىي ھەجر ئارا دېدى: «فىغان ئەيلەي فىغان!»
شۈكركىم ۋەسلىڭ بىلەن ئۇل دەم تىلىن لال ئەيلەدىڭ.

※ ※ ※

ۋەھ، نە ئىشتۈركىم، مەن ئانى مېھرىبان قىلدىم خەيال،
ئۆزگەلەردىن ئۇل مېنى، كۆپرەك قىلۇر ئازۇردە ھال.
كىمنىكىم ئاندىن مالالەت دەفئىنى مەن كۆزلەدىم،
ئاندىن ـ ئوق بولدى، باقىپ تۇرغۇنچە ۋاھ خاتىر مەلال.
ئانىكىم مەن قىلمادىم، ئازۇردە بولغان سۆز چاغى،
قىلدى ئۇل ئازۇردە سۆز بىرلە، مېنى تاپقاچ مەجال.
كىمنىكىم مەن ئىستەدىم، بولغاي مەسىھادەك فەسىھ،
ئىستەر ئۆلكى مەن دەم ئۇرماي بولغامەن ئالدىدا لال.
نېچە مەن ۋەسل ئىستەسەم، ئۇل ۋەسل ئارا ھىجران تىلەر،
ئۇل تىلەر ھىجران نېچە ھىجران ئۆتۈپ تاپماس ۋىسال.
ئەي ھۈسەينىي، تۇرفە ھالەتتۇر، مۇنى كىمدىن سوراي،
قىل يانا بىر قاتلە رەھم، ئۇل ياردىن ئەيلەي سۇئال.

※ ※ ※

ھەجرىڭ ئوتى جىسمۇ زارىم قىلدى قۇل، ئەي يار، بىل،
گەر بىنا قىلساڭ مەزارىم تەرھىن ئول قۇل بىرلە قىل.
قەتل ئېتىپ ئەۋۋارە كۆڭلۇمنى، بۇزۇق جىسمىم ئارا،
ۋاھ بىلىپ بىلمەسكە سال، ئەي جان، كېلىپ نەززارە قىل.
ئول قەدۇ يۈز ھەجرىدىن ئۆلسەم، بېزەپ گۇل بەرگى ئىلە،
تۇفراغىمنىڭ باشى ئۇزرە، سەرۋ ئېكىپ مىل ئەيلەگىل.
ئەيلەگەيلەر سەئبى دەردىم شەرھىدىن ئىزھار ئەجز،
بولسا ھەر زەخمىم، ئاغىز پەيكانىڭ ئول ئاغزىدا تىل.
گەر يۇزۇڭ بولسا مۇدەۋۋەر، سونبۇلۇڭ ئەسرۇ ئۇزۇن،
ھېچ ئەرمەستۇر ئەجەب، نېچۇنكىم ئول ئايدۇر بۇ يىل.
ئەي ھۇسەين، يەتسەڭ موسافىر ئايىمە، زىنھاركىم،
ھەجر زىندانىدا ئانسىز تىيرە ھالىمنى دېگىل.

※ ※ ※

چۇن جۇنۇن زەنجىرىگە بولدۇم گىرىفتار، ئەي كۆڭۇل،
بولغاسەن فەرسۇدە جانىمدىن خەبەردار، ئەي كۆڭۇل.
قاچسام ئول زەنجىر ئىلە، ئەۋۋارەلىق سەھراسىغە،
قىلما ھالىمنى خىرەد ئەھلىگە ئىزھار، ئەي كۆڭۇل.
قويكى دەۋرانىنىڭ جەفا ئايىن ئېلى بىدادىدىن،
بولمايىن ھەرگىز ئۇلار ئىچرە پەدىدار، ئەي كۆڭۇل.
ئاندە ھەم قويماي تاپىپ، دىۋانەدۇر، دەپ باغلاغان،
سۆدرەپ ئېلتۇر بولسەلەر، خەلقى سىتەمكار، ئەي كۆڭۇل.
قىلسەلەر غەۋغا ئۇلۇس، جانىمغە بىداد ئەتكەلى،
مەندىن ئول دەم لەھزەئى ئايرىلما زىنھار، ئەي كۆڭۇل.
شايەد ئول ياغلىغ تەماشا سارى مەھۋەشلەر بىيىك
كەلگەي ئول شەمشاھ قەددۇ ماھ رۇخسار، ئەي كۆڭۇل.
كۆرگەچ ئانى گەر ھۇسەينىي ياغلىغ ئەتسەڭ تەركى ھۇش،
ھەسرەتىدە قىلغۇچى، جانىمنى نىسار، ئەي كۆڭۇل.

※ ※ ※

قانى بىر مەھۋەش، ئاغا سوزۇ گۇدازىمنى دېسەم،
قانى بىر مۇشفىقكى بىر دەم ئاڭا زارىمنى دېسەم.

ئاڭلاغايلاركىم ھەقىقەت سىررىدىن خالى ئەمەس،
ئەل ئارا كەيپىيەتى، ئىشقى مەجازىمنى دېسەم.
يەتتى چەرخ ئەۋراي تۇرغان، يەتتە بەھار ئۇلسا مىدات
بىر زەمانلىق ھەجر ئارا، سۆزۈ گۇدازىمنى دېسەم.
دەۋر ئارا ئاشۇب، كۆپ چۇشكەي، سەلامەت قالغاي ئاز
دەردۇ سەبرىم شەرھى ئىچرە كۆپۇ ئازىمنى دېسەم.
ۋەھ نېتەيكىم، نازۇ ئىستىغناسىن ئەيلەر بىرگە يۈز،
ھەر نېچەكىم نۇكتەئى ئەجزۇ نىيازىمنى دېسەم.
كۆركى تەر دامەندۇر، ئانى نە دەيىن ئەرزىر ئەگەر،
كۆڭۈل ئاتلىق سادە ، رىندى، پاكپازىمنى دېسەم.
دەۋزەخ ئۇلسۇن مەسكەنىم، گەر تۇبىئى جەننەت سۆزى
ئۆتسە ئانىڭ ئوترۇسىدا سەرۋى نازىمنى دېسەم.
كۆيمەگەن پەرۋانە مەندەك قالماغاي ھىجران تۈنى،
بەزم ئارا گەر لەمئەئى، شەمئى، تىرازىمنى دېسەم.
ئەي ھۈسەينىي، ئەل سەلامەت كۆپىدىن بولغاي جىلا،
گەر نەۋائىي ياڭلىغ ئاھەڭكى ھىجازىمنى دېسەم.

※ ※ ※

قىلغان ئېرمىش ئول پەرى تەركى مۇھەببەت بىلمەدىم،
تۇشكەن ئېرمىش جاۋىدان كۆڭلۇمگە فۇرقەت بىلمەدىم.
مەن ئاڭا جانىم فىدا قىلماقتەۋۇ ئول جانىمە
ھەجر ئوتى ياقمىش، قويارغە داغى ھەسرەت بىلمەدىم.
ئاشىق ئولغاندا ئۈمىدىم بار ئىدى، نۇشى نېشات،
ئاندا بار ئىركەننى، مۇنچە نىشۇ ـمىھنەت بىلمەدىم.
شۇئلەئى شاۋقۇن يورۇتتۇم، ۋەھكى مەھزۇن جانىمە،
ھەر بىر ئۇچقۇن بولماغىن بىر بەرقى ئافەت بىلمەدىم.
ۋەسل ئۈمىدى بىرلە ئىشق ئاسان كۆرۈندى، ۋايكىم،
ئاندا ھەردەم بار ئىكەننى، مۇنچە شىددەت بىلمەدىم.
مۇبتەلا بولغاندا ئول كافىرغە، قىلدىم تەركى جان،
بىر يولى بەرباد بولۇرنى، دىنۇ، مىللەت بىلمەدىم.
ئەي ھۈسەينىي، ئىشقنى قىلدىم نىھان، قىلىنمەن گۇمان،
مۇنچە رەسۋالىق بىلەن، توتماقنى شۇھرەت بىلمەدىم.

※ ※ ※

ئاتەشىن خىلئەت دېمە، جىسمىم ئۇزە، ئەي دىلبەرىم،

www.uyghurkitap.com

كىم ئېرۇر ئىشقىڭ ئوتى بىرلە تۇتاشقان پەيكەرىم.
يا ئېرۇر سىماب دەپ قىلما گۇمانكىم، ئىشق ئوتى
ئۆرتەدى مەجرۇھ جىسمىمنى، ئېرۇر خاكىستەرىم.
دېمە ئەخگەردەك لىباسىڭ ئۇزرە بار سىمابى تون،
كۇلدۇرۇر سىمابىسىيۇ ئاتەشىندۇر ئەخكەرىم.
زىننەت ئۇچۇن دېمە، بار جىسمىڭدا گۇنا گۇن لىباس،
ئىشق ئۆرتەپ سەر ـ بەسەر قىلمىش بۇ زىبۇ زىۋەرىم.
ئۇچقاي ئەردىم ھەر زەمان ئەزبەسكى تەگمىش ناۋەكىڭ،
بولماسە ئېردى ئەگەر، پەيكانلارىڭدىن لەنگەرىم.
كۇيىدا خىش تاكى بىر كۇن قويمىشەم، باش ئاستىنە
ئەيلەڭىز زىنھار چۇن ئۆلسەم لەھەتتە بىستەرىم.
ئەي ھۇسەينىي، بولمىشەم زوھدۇ رىياسىدىن خالاس،
بولغالى مۇغ كويى سارى دەير پىرى رەھبەرىم.

※ ※ ※

تىغ بىلەن كۆڭلۇمنى قىلدىڭ زەخم، ئەي سەنەم،
قان تۇرمايدۇ دەپ، ئول زەخم ئۇزرە كۆيدۇردۇڭ تۇگەن
يۇز تىكەندە، يىڭنە بىرلە ۋايكىم، زەخم ئەيلەدىڭ،
ھەجر ئارا زەخمىڭ، ئاياغىغا كىرىپتۇر تىكەن.
ھەيف دەپ قايغۇرماغىل جانۇ، نەئاسىغ ئەمدىكىم،
دەردى ھەجرىڭدىن ئەدەم سەرمەنزىلىن قىلدىم ۋەتەن.
ئەيكى ياپتىڭ كۆڭلۇمە، سەبرۇ ـ سەلامەت پەردەسىن،
پەردەئى سەبرى ئېرمەس، ئولكى بار ئېرمىش كەفەن.
جانغە ئوت ياقسا، مەرھەم ياققانچە شاد بول
ئەي ھۇسەينىي، ئىشق ئارا، بۇ نە ئېرۇر، ۋەجھى ھەسەن.

※ ※ ※

ئاھ ئەگەر كۆرسەم يانا، ئول ماھى تابانىمنى مەن،
بەرگەمەن شۇكرانەئى، ۋەسلى ئۇچۇن جانىمنى مەن.
ئەي مۇسۇلمانلار، قويۇڭكىم، سەرف قىلدىم يولىدا،
زۇلفىدىن زۇننارە باغلاپ، دىنۇ ـ ئىمانىمنى مەن.
ئىشقىدا تۇن كېچەلەر كۆپ يىغلاماقتىن ئاقىبەت،
ئاشكارا ئەيلەدىم بۇ سىررى پىنھانىمنى مەن.
دېدى ئاخىر بار مۇرادىمكى، سېنى ئۆلتۈرۈمەن،

گەر سېنىڭ رەئيىڭ بۇدۇر، قىلدىم بىھىل قانىمنى مەن.
نېمە دەرسەنكىم، ھۇسەينىي، قالمادى جانىڭ سىنىڭ
ئەي نەسىھەتگۇ، نېتەي بۇ يارسىز جانىمنى مەن.

※ ※ ※

گەر كېلىپ ۋەيرانە قەبرەمنى زىيارەت قىلغاسەن،
رەھىم ئېتىپ، ئەي قاتىلىم، ئانى ئىمارەت قىلغاسەن.
قەتل ئارا تەسلىم ئېرۇر، ئەي ھىجران ئالىڭدا ئەجەل،
نېچە ئالىپ جانىم، ئىزھارى مەھارەت قىلغاسەن.
چۈن كۆڭۈل قويمادىڭۇ ئارامۇ سەبرۇ ئەقلۇ دىن
ئەمدى، ئەي زالىم، بۇ كىشۋەردە نە غارەت قىلغاسەن.
ئاھ ئالىدا ساۋۇق ـ سالقىنسەن، ئەي دەۋزەخ ئوتى،
ھەردەم ئەر يۈز قەتل ئىزھارى ھەرارەت قىلغاسەن.
ئول ئاي ئىستىغناسىدىن ئەفلاك ئېرۇر پەس، ئەي كۆڭۈل،
ھاجەت ئېرمەستۇركى، سەن ئەرزى ھەقارەت قىلغاسەن.
نېچە بار قەتلىغە مەئمۇر ئەيلەبان، ئول غەمزەنى،
ياشۇرۇن لېكىن مېنىڭ سارى ئىشارەت قىلغاسەن.
ئەي ھۇسەينىي، ئىشقىدىن كەچكۈمكى، مۇھلىكتۇر دېدىڭ،
ياخشىراق گەر ئەمدىكىم تەغيىرى ئىبرەت قىلغاسەن.

※ ※ ※

ھېچ مۇسۇلمانغە، نىگارا، داغى ھىجران بولماسۇن،
كىم ۋىسالىڭدىن جۇدا بولسا، ئاڭا جان بولماسۇن.
كۆز ئۇچىدىن ناۋەكى جەۋرىڭ بىلەن ئۆلتۈر مېنى،
دامەنى پاكىڭ، بىگىم، ناگاھ ياناقان بولماسۇن.
خەستە كۆڭلۈم بەندى، زۇڭفۇڭدىن پەرىشاندۇر بەسى،
جەمئ قىلغىل سۇنبۇلۇڭنىكىم، پەرىشان بولماسۇن.
جانغە ئايتتىم دىلبەرى، نادان ئېلىدىن، ئاھ ـ ئاھ،
ھېچ كىشىنىڭ دۇنيادا مەھبۇبى نادان بولماسۇن.
جان بېرۇردە كېلىپ ئۆلتۈر، بىردەمى كۆرەي سېنى،
كىم ھۇسەينىي كۆڭلىدە، ئەي دوست، ئەرمان بولماسۇن.

※ ※ ※

كۆڭلۈم ئالۇر غۇنچەئى سىرابى گۇفتارى بىلەن،
جانىم ئۆرتەر ئاتەشىن لەئلى شەكە بارى بىلەن.
دەھر بازارىدا غەۋغا سالدى، يۇسۇف ھۇسنىكىم،
جىلۋەگەر بولدى سېنىڭ ھۇسنۇڭ نەمۇدارى بىلەن.

تىغى زەخمىندىن ئېرۇر، خۇرسەند كۆڭلۈم، ئەي رەفىق،
ياقسە، مەرھەم قوي، ئۆلەي، ئول روھىم ئازارى بىلەن.
مەھۋ مەن ئانداق ئول ئاي ھۆسنىغەكىم، يوقتۇر ئىشىم،
ئىشقىنىڭ ئىخفاسىيۇ دەردىمنىڭ ئىزھارى بىلەن.
يالغۇز ئول ئاي ھەجرىدە سەرگەشتە ئېرمەس، مەنكى بار،
چەرخ ھەم بۇ ئىشقا بائىس دەۋرى پەركارى بىلەن.
ئەيكى دەرسەن تاپمادىم، مەتلۇبنى كۆپ ئىستەبان،
بىلكى ئول ئىستەردە ھەمراھدۇر، تەلەبكارى بىلەن.
ئىتلارىغە تۇئمە بولغاي دەپ، ھۆسەينىي قويدى يۈز،
ئول سەنەم كويىغە ئۇريان جىسمى ئەفگارى بىلەن.

※ ※ ※

ھەجر شامى ئاي چىقىپ، مەن يىغلار ئەردىم دەرد بىلەن
سەيرلەر قىلدىم سېنى ئىزدەپ، مەھى شەبگەرد بىلەن.
ئاي ئۇياققاچ يانە كۆڭلۈمنى بۇزۇپ يالغۇزلۇغۇم،
تىيرە شامىم ئەندۇھىدىن يىغلادىم كۆپ دەرد بىلەن.
چەرخ ھەم ئەنجۇم سىرىشكىن ھالىمە كۆپ ساچتى، لېك
بولمادى يىغلاردا تەڭ مەن زارى غەمپەرۋەرد بىلەن.
ماتەمىغە چەرخ كۆك ئەيلەپ لىباسىن، تۈن قارا،
سۇبھ ھەم ئەيلەپ ياقاسىن چاك ئاھى سەرد بىلەن.
شامى ھىجراندىن قۇتۇلغۇنچە، ئىستتىم مىھردەك
ئەشك سېلىن ئاققۇزۇپ، تىترەپ ئۈزارى زەرد بىلەن.
دەھر بوستانىغە كۆپ قويما كۆڭۈل، ئەي ئەندەلىب،
كىم ئاڭا بۇيى ۋەفا يوق، يۈز تۈمەنمىڭ ۋەرد بىلەن.
ئەي ھۆسەينىي، ئۇيقۇ بىخۇدلۇق، يېمەك غەمدۇر ساڭا،
تا نە بولغاي ئاقىبەت، ھالىم بۇ خابۇ خورد بىلەن.

※ ※ ※

شامى ھىجرانىڭنى كۆرگەچ، كەلدى زۈلفۈڭ يادىمە،
تۈشتى سۇبھى ۋەسل ئۈمىدى خاتىرى ناشادىمە.
مەست ئىكەندە دېمەگىل سۇندۇم ئاياغىم ئۆپكەسەن،
ئەمدى سۇنغىل ئۇسرۇك ئېردىم، ئەمدى كەلمەس يادىمە.
مەقدەمىڭدىن يۈز خەراب ئاباد ئېرۇر، ئەي گەنجى ھۆسن،
ۋەھ، نە بولغاي بىر يېتىشسەڭ بۇ خەراب ئادىمە.
قايدا جەننەت سەرۋى بىرلە ھۆرىغە قويغاي كۆڭۈل،
گەر مەلەك نەززارە قىلسا، سەرۋى ھۆرى زادىمە.
زىكرىدۇر ئاغزىمدا سۇبھۇ شام، زاھىد، دېمە سۆز،
سۆدى يوق پەندىڭ بىلەن سالما فۇتۇر ئەۋرادىمە.

ئەقل قەيدىدىن خەلاس ئولغاي ئىدى، مەجنۇن ئەگەر،
ئىشق تەۋرىدە قولاق سالسا ئىدى ئىرشادىمە.

※ ※ ※

خەتتى جان ئەفزا چېكەرمىش لەئلى خەندان ئۈستىگە،
خىزردەككىم سايە سالغاي، ئابى ھەيۋان ئۈستىگە.
ئۆيلەدۇكىم زەخم ئۇزە، ھەريان چېبىن قىلغاي ھۇجۇم،
زاغلار قونسا بۇ قانلىق جىسمىم ئۈريان ئۈستىگە.
كۆز ياشىم سېلىدىن ئولماس زەئىفلىك جىسمىم ئەيان،
قايدا بىر خەس زاھىر ئولغاي، بەھرى ئۇممان ئۈستىگە.
كۆلبەم ئىچرە ئۆرتەنۇرمەن، تۇشكەن ھالىمگە كۆيۈپ،
قايسى بىر قۇشكىم، دەمى قونسا بۇ ۋەيران ئۈستىگە.
باشىڭ ئۇزرە گۇلمۇ سانچىپتۇرسەن، ئەي رەئنا نىھال،
يوقسە پەيۋەندە ئەيلەدىڭ، سەرۋى خىرامان ئۈستىگە.
ھەجر ئوتى بىدادىدىن بىلگىلكىم ئاھى دۇدىدۇر،
ھەر بۇلۇتكىم سايە سالغاي، ئەھل دەۋران ئۈستىگە.
ئىتلارىگە گەر فىدا بولدى سۆڭەكدەك پەيكەرىم،
ئەي ھۇسەينىي، ھەيرەت ئەتمە، سۆز باردۇر جان ئۈستىگە.

※ ※ ※

ئەي كۆڭۈل، گەردۇن بەلىيات تاشىنى ياغدۇردىلا،
ھەر تەرەف سەبرىم ئۆيى دىۋارىنى سۇندۇردىلا.
قىلمادى ھەم تەرك ئۇچۇن دىۋارىغە بەردى شىكەست،
سېلى غەم سەكفىن قارا تۇپراقغە ئىندۇردىلا.
ئەيلەر ئىردىم ئىشقنىڭ رەسۋالارىغە سەرزەنىش
بولغالى رەسۋا سۆزۈم، لاپ ئەركەنى بىلگۇردىلا.
ئەتسە ھەر غەم، ئىلمۇ ـ ئەقل ئەۋزاقى ئەردى مۇنىسىم،
ھەر ۋەرەقنى بىر سارى ئاھىم ئېلە ساۋۇردىلا.
مەزرەئى زۇھىد ئىچرەكىم جەمئ ئېردى سەبرىم خىرمەنى،
سەكرىپ ئول خىرمەنغە بىر بەرقى، بەلا كۆيدۇردىلا.
ئافىيەت كۇنجىدە دائىم باشىم ئېردى سەجدەدە،
ئىشق ئاخىر مۇنچە شىددەت باشىمە كەلتۇردىلا.
ئەي ھۇسەينىي، ئەل ئىشتىمەس ئېردى تەسبىھىم ئۈنىن،
ئىشق ئەفغانىمنى گەردۇن تاقىدىن ئاشۇردىلا.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئارامغا چىققان.)

www.uyghurkitap.com



# «ساياھەتنامە»دىن*

ئىبنى بەتتۇتە

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچىلار: مەھمۇد زەيدى، مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

**«ساياھەتنامە» ھەققىدە:** ھازىرقى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر تارىخىنى ھەم تارىخىي جۇغراپىيىسىنى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت، سەنئەت تارىخى ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەرەب جۇغراپىيىلىك ئەدەبىياتى ئابىدىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى خېلىلا چوڭ. مۇئەللىپلىرى ھەر تۈرلۈك خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئابىدىلەر مەلۇم ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ۋە ئۆز-ئارا داۋاملىق سۈپىتىدە باغلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ كەڭ دائىرىلىك مۇجەسسىمىدىن ئىبارەت. 9 - ئەسىردە ئۆتكەن بەلەزۇرىي، ئىبنى خۇردادبېھ، يەئقۇبىي؛ 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىستەخرىي، ئەبۇ دۇلەف، مۇقەددەسىي، مەسئۇدىي، خارەزمىي، دىناۋەرىي، تەبەرىي، ئىبنى مىسكاۋەيھ، ئىبنى رۇشد، ئىبنى فەقىھ، ئىبنى ھەۋقەلگە ئوخشاش ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. 11 - ئەسىر بۈيۈك بىرۇنىي ئەسەرلىرىدە نامايان. 12 - ئەسىردىن ئىدرىسىي، مەرۋەزىي ۋە سەمئانىينىڭ قولىيازمىلىرى قېپقالغان. 12 - 13 - ئەسىرلەردىن ئىبنى ئەسىر، ياقۇت ھەمەۋىي؛ 41 - ئەسىردىن بولسا ئۆمەرىي ۋە ئىبنى ئەرەبشاھلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز ۋە رۇسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات مەنزىرىلىرىنى يورۇتۇشتا مانا مۇشۇ مەنبەلەرگە تايىنىدۇ. ئەمدى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىبنى بەتتۇتەنىڭ «ساياھەتنامە»سى (14 - ئەسىر)مۇ ئەرەب سەيياھلىرى قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئى. يۇ. كراچكوۋسكىي مۇنداق يازىدۇ: «13 - 14 - ئەسىر كائىنات تەۋسىپلىرى ۋە قامۇسلىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن مۇسۇلمان يازما ئەدەبىياتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ساياھەتنامە ژانىرى مۇشۇ مەزگىلدە ئەڭ كۆپ يېزىلدى. بارلىق مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنى كېزىپ چىققان بۈيۈك سەيياھ ئىبنى بەتتۇتەمۇ مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ ‹ساياھەتنامە›سى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە ھېلىغىچە ئوقۇتۇلماقتا. ئالتۇن ئوردا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە بۇ زات تىلغا ئېلىنمىغانلىرىدىن بىرەرسىمۇ يوق». دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ كەم قىسىملىرىنى تولۇقلاشتا

* «ساياھەتنامە»نىڭ ھۇزۇرىڭلارغا سۇنۇلغان بۇ قىسمى ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت بۆلىكىدۇر. بۇ ئەسەر 1993 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئىبنى بەتتۇتە ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھىتى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئىبنى بەتتۇتە قالدۇرغان مەلۇماتلارنىڭ مۇھىملىقىغا باشقا شەرقشۇناسلارمۇ كۆپتىن بېرى ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلمەكتە. ئىبنى بەتتۇتەنىڭ شەخسىي تەسىراتلارغا ئاساسلانغان قىزىقارلىق يازمىلىرى تارىخنىڭ شۇ دەۋردىكى يەرلىك سالنامىچىلەر تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنمىغان كۆپ قىسىم جايلىرىنى تولۇقلايدۇ. سەيياھ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەڭ يارقىن مەنزىرىلىرىنى سىزىدۇكى، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى ۋە شەھەر ھاياتى ھەققىدىكى تەسىراتلىرى باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمايدىغان قىممەتلىك ھېكايىلەردۇر.

ئى. يۇ. كراچكوۋسكىي ئىبنى بەتتۇتەنى «ئەڭ ئاخىرقى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەتچى جۇغراپىيىشۇناس. ئۇ كىتابخور ــ كۆچۈرمىچى بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن مەملىكەتنى كېزىپ چىققان سەيياھ» دەپ باھالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمە سەككىز يىللىق سەپىرى داۋامىدا شىمالىي ۋە غەربىي ئافرىقا، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى، ھىندىستان، ئىسپانىيە، تۈركىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يۈزلىگەن شەھەر ـ قىشلاقلارنى كېزىپ چىقىدۇ. ئىبنى بەتتۇتەنىڭ «ساياھەتنامە»سىدە يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئۇلۇس ـ قەبىلىلەر ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر شۇ قەدەر كۆپكى، مۇئەللىپنىڭ زاماندىشلىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى پەرۋاسىزلارچە «خىيالىي مەنزىرىلەر» دەپ ھېسابلاشقان. ھەتتا ئىبنى بەتتۇتە بىلەن تونۇشلۇقى بولغان مەشھۇر ئالىم ئىبنى خەلدۇنمۇ «ئادەملەر ئۇنى يالغانچىلىقتا ئەيىبلەشمەكتە» دەپ «ساياھەتنامە»دىكى ھېكايە ۋە بايانلارغا ناتوغرا پوزىتسىيىدە بولغان. بىر قىسىم ياۋروپا ئالىملىرىمۇ ئىبنى بەتتۇتە مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىغان. بۇ ھال ئۆز ۋاقتىدا «ساياھەتنامە»نى مۇناسىپ رەۋىشتە باھالاشقا ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تۇرغۇزۇشقا تەسىر يەتكۈزگەن. نىھايەت، شەرقشۇناسلىق پېنى ۋە جۇغراپىيە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك مەملىكەت ئالىملىرى ئىبنى بەتتۇتە يازمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر ئالدامچىنىڭ قۇرۇق خىياللىرى بولماستىن، بەلكى جايلار ۋە خەلقلەرنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن خالىس، دۇرۇس ئادەمنىڭ تەسىراتلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

ئەمما، «ساياھەتنامە»گە جۇغراپىيە، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەرگە خاس مەلۇماتلار مەنبەسى سۈپىتىدىلا قاراش مەسىلىنىڭ پەقەت بىر تەرىپى، خالاس. گەپ شۇ يەردىكى، «ساياھەتنامە» ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراشلىرىنى ــ مەنپەئەت دائىرىسى، ۋەقە ـ ھادىسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشتە دەۋرنىڭ ھەرخىل «مەئىشىي ۋە ئەخلاقىي» تەسىرلىرىگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە قىممەتلىك بىر ئەدەبىي ـ مەنىۋى يادىكارلىقتۇر. ئۇنداقتا، «ساياھەتنامە» مەنسۇپ بولغان ژانىرنىڭ ئەدەبىي ـ ئىجادىي يۆنىلىشىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئىبنى بەتتۇتەنىڭ يازمىلىرى بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى، مەلۇماتلىرىنىڭ ھەقىقىيلىكى نۇقتىئىنەزىرىدىن تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، پۇل ـ ئاقچا تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن خېلى كۆپ تەتقىق قىلىنغان ۋە پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى نۇقتىدىن تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان.

بىزنىڭچە، مەزكۇر ئەسەر ئۇنىڭدا بېرىلگەن ۋەقە، مەلۇماتلار نۇقتىئىنەزىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ـ ئىجادىي ۋەقە سۈپىتىدىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەسەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا تەكىتلەيدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ساياھەت تۈرىدىكى «يوللار ۋە دۆلەتلەر كىتابى» (جۇملىدىن، ئىبنى خۇردادبېھ، ئىبنى فەقىھ، ئىستەھرىي يازمىلىرى)غا ئوخشاش ئەسەرلەر ئۇسلۇبىدىن، شۇنىڭدەك ئاجايىپ قامۇسچى ئالىم ياقۇت قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل جۇغراپىيە مەجمۇئەسى «مۇئجەمەل ـ بۇلدان»نىڭ ئۇسلۇبىدىنمۇ خېلىلا پەرقلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئەبۇ ھەمىد غەرنەتىينىڭ سەپەر بايانى ئۇسلۇب جەھەتتىن «يوللار ۋە دۆلەتلەر كىتابى»غا يېقىن تۇرىدۇ. «ساياھەتنامە»دە بولسا ئاشۇ زامانلاردا كەڭ تارقالغان ئەنبىيالار قىسسىلىرى ياكى «مەئىشىي» ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ تەسىرى سېزىلىدۇ. بۇ خىل تەسىر بولۇپمۇ «مەھەللىۋى» ئەۋلىيالار ۋە مۇتەئەسسىپ شەيخلەر كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر ھەققىدىكى كۆپلىگەن قوشۇمچە ھېكايىلەردە كۆرۈنەرلىك سېزىلىدۇ.

گەپ ئىبنى بەتتۇتەنىڭ بىر «مۇسۇلمان ئەللامە» سۈپىتىدە ساياھەت قىلغانلىقىدىلا ئەمەس (بۇ جەھەتتىن مۇسۇلمانلار ھۆكۈمدارلىرى نەزىرىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى ۋە سالمىقى ئاشقانلىقى شۈبھىسىز)، بەلكى دەۋرنىڭ ئومۇمىي روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدىدۇر. ئەرەب ـ پارس تىللىرىدا تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا قىسسىلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى، خەلق ئەنئەنىلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىق بولغان ساياھەتنامە ژانىرىنىڭ تەرەققىي تېپىشى دەۋرنىڭ مەلۇم مەنىۋى ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيتتى.

ئىبنى بەتتۇتە خۇددى ماركوپولوغا ئوخشاش بەزىدە ئادەتتىكىچە ۋەقەلەر ھەققىدە توختىتىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قەيەردە قانداق كۈتۈۋېلىنغانلىقى، كۈتۈۋالغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان سوۋغىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي يازىدۇ. ئەمما، بۇنى مۇئەللىپنىڭ ئۆزىگە «ئارتۇقچە ئۇل سېلىش» ئىللىتىگە قويۇش خاتا بولىدۇ. ئىبنى بەتتۇتە مۇنداق تەسۋىرلەرنى ئۆزىچە بەكمۇ مۇھىم دەپ بىلگەن. دەرۋەقە، ئەينى دەۋردە ئەمىر ياكى سۇلتاننىڭ ئۆز ھوزۇرىغا كەلگەن سەيياھلارغا ئۆزىنىڭ قايسى تەرىپىدىن جاي كۆرسىتىشىمۇ شۇ دەۋر رەسمىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. مۆجىزىلەر، شەيخ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ مەقبەرىلىرى ھەققىدىكى كۆپ سانلىق ھېكايىلەرنىمۇ ئىبنى بەتتۇتە خۇددى شۇنداق ئەھمىيەتلىك ھېسابلىغان.

ئىبنى بەتتۇتەنىڭ ساياھىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئېغىر چاغلارغا ــ موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سەيياھ بۇ يەرلەرگە موڭغۇل باسقۇنىدىن يۈز يىلچە كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، بىر زامانلاردا گۈللەپ ياشنىغان بۇ زېمىنلارغا موڭغۇللارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تالاپەت ئىزلىرى تېخى تامامەن يوقالمىغان بولۇپ، شەھەر ۋەيرانلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. مانا بۇلار ئىبنى بەتتۇتە «ساياھەتنامە»سىدە ئوچۇق ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭدەك يەنە مۇئەللىپنىڭ يېزىشىچە، 14 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ۋەھشىيانە ئىستېلا ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان پاراكەندىچىلىكلەرنى تۈزەپ، ئىلگىرىكى بەزى ئاۋات سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى قايتا قۇرۇپ ئۈلگۈرۈشكەنىدى. ئىبنى بەتتۇتە يازمىلىرى بۇ ئۆلكىنىڭ دەل شۇ دەۋرى ھەققىدىكى بىۋاسىتە تەسىراتلار ئىكەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇركى، تارىخىي مەنبەلەردە مۇنداق بىۋاسىتە پاكىت كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىشغال قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىڭگىزخان جۇڭگونىڭ شىمالىنى بېسىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى جۇجى باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار توپى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنى بويسۇندۇردى. لەشكەر بېشى قۇبلاي بولسا يەتتىسۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئىگىلىدى. 1218 ــ 1219 ـ يىللىرى جەبە باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى يەتتىسۇ ۋە قەشقەر رايونلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، خارەزم، ماۋەرائۇننەھر ۋە ئىران بىلەن ئافغانىستاننىڭ قىسمەن يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارەزم شاھلار دۆلىتى چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى.

1220 ـ يىلىنىڭ بېشىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوترارنى، كېيىن بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئون مىڭلىغان ھىمايىچىلىرى قىرىپ تاشلاندى، ھايات قالغانلاردىن كۆپلىرى

قۇللۇققا مەھكۇم ئېتىلدى. گۈللەپ ياشناۋاتقان ئاۋات، باي شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندى. جۈملىدىن بۇخارادا قورغان ھىمايىچىلىرى تامامەن قىرىپ تاشلاندى، ئىستىھكاملار تۈزلىۋېتىلدى، شەھەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە ئۆرتەلدى. سەمەرقەندتە بولسا شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىلا قىرغىندىن ئامان قالدى.

سەمەرقەند ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، خارەزم شاھ ئەلا ئۇددىن مۇھەممەد ئوتتۇرا ئاسىيادىن قېچىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاراللارنىڭ بىرىگە يوشۇرۇنۇپ، ئۆز مەملىكىتىنى ھىمايە قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە موڭغۇل قوشۇنلىرى خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەش نىيىتىدە شەھەر ـ يېزىلارنى ۋەيران قىلىپ، ئاھالىنى قانلىق قىرغىنغا ۋە ئېچىنىشلىق قۇللۇققا دۇچار قىلدى. بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەسىر مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار ھېچكىمنى ئايىماس ئىدى، ھەتتا قېرىلارنى، ئاياللار ۋە بالىلارنىمۇ قەتل قىلىشتى».

ئاكادېمىك ب. گ. غاپۇروۋنىڭ تەكىتلىشىچە، «موڭغۇل ئىستېلاسى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس مۇسىبەتلەر كەلتۈردى. تالان ـ تاراج ۋە يانغىنلار ئاقىۋىتىدە ماۋەرائۇننەھر شەھەرلىرى يەر بىلەن يەكسان بولدى. مېھنەتكەش ئاھالە قەتلىئام قىلىندى».

13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا ــ چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىلا پايانسىز زېمىن، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمى بېسىۋېلىنغانىدى. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان بېسىۋېلىنغان يەرلەرنى ئۆز ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ دەرياسىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان بارچە زېمىنلىرى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا، دەريانىڭ غەربىي ساھىلىدىكى يەرلەر، شەرقىي ئىران ۋە شىمالىي ھىندىستان چېگرىلىرى تۆتىنچى ئوغلى تولۇيى تەسەررۇپىغا بۆلۈندى. ئارال ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدا جاھانگىرنىڭ نەۋرىسى باتۇ (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى جۇجى ئۆلگەنىدى)، مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى كەڭرى زېمىندا بولسا ، يەنە بىر نەۋرىسى ئېدىگەي بۈيۈك خان مەنسىپىگە ئىگە بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن (1227 ـ يىلى) كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلدى. تولۇينىڭ ئوغلى ھۇلاكۇ نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئىران، پەلەستىن، سۇرىيەلەرنى ئىشغال قىلدى. 1258 ـ يىلى ئۇ باغدادنى ئىگىلەپ، ئاbbاسىيلار سۇلالىسىدىن بولغان خەلىپە مۇستەسىمنى قەتل قىلدى.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىبنى بەتتۇتە ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىدۇ. بۇ يەرلەر ئۇ مەزگىلدە ئۈچ موغۇل دۆلىتىگە بۆلۈنگەنىدى. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى (خارەزمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالتۇن ئوردا (جۇجى ئۇلۇسى) تەركىبىدە بولۇپ، پايتەختى يېڭى ساراي (ساراي بەركى)، ھۆكۈمرانى بولسا ئۆزبېكخان (1312 ــ 1340) ئىدى. غەربىي جەنۇبىي قىسمى ھۇلاكۇلار دۆلىتى، شەرقىي قىسمى بولسا چاغاتاي ئۇلۇسىغا تەۋە ھېسابلىناتتى. ئەمما، بۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا يېرىم قارام فېئوداللار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇجى، چاغاتاي، ھۇلاكۇ ئۇرۇقىغا قاراشلىق، بىر قىسمى بولسا يەرلىك ئېسىلزادىلەردىن ئىدى. ئىبنى بەتتۇتە ماۋەرائۇننەھر، يەتتىسۇ ۋە قەشقەرىيىدىكى چاغاتاي نەسلىگە قاراشلىق كەبەك (1318 ــ 1326)، ئەلچىگىدەي (چاغاتاي)، تۇغلۇق تېمۇر (1326) ۋە ئالاۋىددىن تەرمەشىرىن (1326 ــ 1334) قاتارلىق موغۇل ھۆكۈمدارلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىبنى بەتتۇتە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەرمەشىرىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېتىپ كېلىدۇ. دۆلەت باشلىقى ئەلخان (بۈيۈك خانغا ئىتائەت قىلغۇچى) ئەبۇ سەئىد (1317 ــ 1355) ئىدى.

ئۆز تەختىنى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى (ماۋەرائۇننەھر)غا تونجى بولۇپ كۆچۈرگەن موغۇل ھۆكۈمدارى كەبەكخان بولۇپ، ئۇ نەسەف شەھىرى (ھازىرقى قارشى) يېنىدا ئۆزىگە قەسىر سالدۇرىدۇ. كەبەكخاننىڭ بۇ قارارى بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، موغۇل قوشۇنلىرىنىڭ كۆچمەنچىلىكتىن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشىدىكى دەسلەپكى قەدەم ئىدى. ئەمما، بۇ كۆچمەنچىلىكتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى كەبەكخان يەنىلا كۆپ ۋاقتىنى قەسىردىن يىراقتا ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ مىراسخورى تەرمەشىرىنمۇ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىغا قارىماستىن، ئىبنى بەتتۇتەنى قەسىردە ئەمەس، چېدىردا قوبۇل قىلغانىدى.

كەبەكخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە چاغاتاي دۆلىتىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا پايدىلىق بىر قاتار مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ئىسلاھاتلار يۈرگۈزۈلگەن: پۇل ۋە سودا - سېتىق تۈزۈمى ھۆلاكۇلار دۆلىتى ۋە ئالتۇن ئوردىنىڭ پۇل ئوبوروتى تۈزۈمىگە ماسلاشتۇرۇلغان، يېڭى پۇل بىرلىكلىرى — دىنار ۋە دىرھەم (ئالتە دىرھەم سەككىز گرام ئېغىرلىقتىكى بىر دىنارغا تەڭ ئىدى) ئىشلىتىش يولغا قويۇلغان. تەڭگىلەر ئاساسەن بۇخارا ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىدە قۇيۇلاتتى. تەرمەشىرىن دەۋرىدە كۈمۈش تەڭگىلەرنى قۇيۇش ئوترار شەھىرىدىمۇ يولغا قويۇلغان.

چاغاتاي دۆلىتىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىچكى سىياسىي ئەھۋالى ئىچكى جەھەتتىن توختاۋسىز نىزالىشىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەرلىك ئەمىرلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ئىتائەت قىلماي، ھەم ئۆزئارا، ھەم دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى بىلەن قارشىلىشىپ قوشۇن تارتىشاتتى. كەبەك دەۋرىدە ئىسيانكار خانزادە ياساۋۇر چوڭ شەھەرلەرگە قوشۇن تارتىپ، دۆلەتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى ئاساسەن بېسىۋالغانىدى. كەبەكنىڭ مىراسخورى تەرمەشىرىن يەرلىك فېئوداللارنىڭ قارشىلىقىنى بېسىقتۇرۇش جەريانىدا ئۆلدى.

تەرمەشىرىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە دۆلەتنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر قاتار مۇھىم ۋەقەلەر يۈز بەرگەنىدى. ئىسلام دىنى تەرمەشىرىن تەرىپىدىن رەسمىي دىن دەپ جاكارلاندى. ئالدىنقى خان مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلەر قۇرغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلمىغانىدى. شۇڭا، تەرمەشىرىن ئىسلام دىنىغا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغان موغۇل ھۆكۈمدارىدۇر.

موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئودال يەر ئىگىلىكىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تۆت خىل شەكلى بار بولۇپ، ئۇلار: دىۋان يەرلىرى (بىۋاسىتە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر)، بەگ، ئەمىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر، ۋەخپە يەرلەر ۋە پۇقرالار ئىگىدارلىق قىلغان يەرلەردىن ئىبارەت. ئەمگەكچىلەر چوڭ يەر ئىگىلىرىگە ۋە دۆلەتكە ھەر تەرەپلىمە قارام بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ئۆز يېرىگە ئىگە، كۆپ قىسمى بولسا ئىجارىكەشلەر ئىدى.

موغۇللارنىڭ دېھقانلارنىمۇ، ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە قارام ھالەتتە باشقۇرۇش سىياسىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشىغا قارىماي، يەنە دۆلەت خەزىنىسىگە كۆپ مىقداردا سېلىق تۆلەيدىغان نىسبەتەن مۇستەقىل ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. فېئودال تېرىلغۇ مەيدانلىرىدا قۇللارچە ئىدارە قىلىنىدىغان يەرلىك ئاھالە كۈچىدىن پايدىلىنىش ئەۋج ئالغانىدى.

قىسقىسى، شۇنچە كۆپ ۋەيرانچىلىق، ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرىش ۋە قۇل قىلىپ ھەيدەپ كېتىش، ئېغىر ئالۋان - سېلىق، زوراۋانلىق، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئېغىر زۇلۇم ئاقىۋىتىدە موغۇللار بېسىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلاردىكى كەڭ خەلق تولىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، شۇنداقلا دېھقانچىلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىمۇ ۋەيران بولغانىدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەر ھاياتى ئاستا ـ ئاستا تۈزۈلۈشكە قاراپ يۈزلەندى. خەلق ئىچىدىكى مېمارلار ۋە ھۈنەر ئەگىلىرى باسقۇنچىلاردىن قالغان خارابىلىكلەر ئورنىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مېمارچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاساسىدا بىر قاتار قۇرۇلۇشلارنى بارلىققا كەلتۈردى. قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان مېمارچىلىق ئابىدىلىرى، جۈملىدىن ئىبنى بەتتۇتە زىيارەت قىلغان شەيخ سەيفىددىن بۇخارىي مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىغا ئوخشاش ئەڭ قەدىمىي يادىكارلىقلار رېمونت قىلىندى. سەمەرقەندتىكى شاھى زىندە قۇرۇلۇشلىرى، بۇخارا ۋە كونا ئۈرگەنچتىكى بەزى ئابىدىلەرمۇ ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. بۇ يىللاردا قاتار ـ قاتار قەسىر ـ سارايلار، مەسچىت ـ مەدرىسىلەر ۋە باشقا تۈرلۈك ئىنشائاتلار بەرپا قىلىندى.

13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇللار ئىشغالىيىتىدىكى بۇ جايلاردا جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئاجايىپ تالانتلىق شائىر، مۇتەپەككۇر ئالىملار ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇلار ئارىسىدا مۇتەسەۋۋۇپ شائىر مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي (1207 ـــ 1273)، مۇتەپەككۇر شائىر ۋە سەيياھ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازىي (1210 ـــ 1292)، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق مۇئەررىخى فەزلۇللاھ راشىددىن (تەخمىنەن 1247 ـــ 1318)، قامۇسىي ئالىم نەسىرىددىن تۇسىي (1201 ـــ 1277)، مۇنەججىم ۋە جۇغراپىيىشۇناس، قۇتبىددىن شىرازىي (1236 ـــ 1311) ۋە باشقا كۆپلىگەن مەشھۇر سىيمالار بار.

ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە موڭغۇل باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن بىرى ـــ سەربادارلار ھەرىكىتىدۇر. بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە ئوتتۇرا قاتلامدىن تۆۋەن بارلىق شەھەر ئاھالىلىرى قاتنىشىپ، موغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يەرلىك تايانچ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەش قىلىنغانىدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ تەكىتلىشىگە كۆرە، دىنىي سەۋەبلەردىن خالىي بولسىمۇ، سەربادارلار ئارىسىدىن ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارمۇ ئورۇن ئالغانىدى. ھۇلاكۇ دۆلىتىگە ئەبۇ سەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىئەلەر تەقىپ ئاستىدا بولۇپ، تۈزۈمگە قارشى كۈچلەردىن ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئەلخان ئەبۇ سەئىد ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران ئولجايتۇ (1304 ـــ 1317) نىڭ شىئەلەرگە يۇقىرى ئىمتىياز بېرىش پەرمانىنى بىكار قىلىپ، سۈننىيلەرنىڭ ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى كېڭەيتكەنىدى.

نىھايەت، سەربەدارلار خۇراساندا مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. بۇ دۆلەت 1337 ـ يىلىدىن 1381 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. خۇراسان زىيارىتىدە بولغان ئىبنى بەتتۇتە بۇ دۆلەت ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىدۇ. سەربادارلار ھەرىكىتى ماۋەرائۇننەھردىمۇ چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان. 1365 ـ يىلى سەربادارلار سەمەرقەندتە ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ خۇراساندىكى دۆلىتىدە ئۆز ئالدىغا پۇلى، قوشۇنى بولغان ۋە موڭغۇللار ئالدىغان بەزى سېلىقلار بىكار قىلىنغانىدى. ئەبۇ سەئىد ۋاپاتىدىن كېيىن تەختنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولمىغانلىقتىن، دۆلەت باشسىز قالىدۇ. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە سەربادارلار ھەرىكىتىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ۋ. ۋ. بارتولد بۇ ھەقتە: «ھۆكۈمدارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دۆلەتنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىش ئىلاجى قالمىدى» دەپ يازغانىدى.

ئىبنى بەتتۇتەنىڭ سەربادارلار ھەرىكىتى ھەققىدىكى يازمىلىرى («ساياھەتنامە»نىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاشلا) بەك مۇھىم ۋە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، بۇ ھەرىكەت توغرىسىدا بىۋاسىتە گۇۋاھلىق بەرگۈچى ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. سەيياھنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بىئوگرافىك مەلۇماتلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ نامى شۇنچە كەڭ تارقالغانلىقىغا قارىماي، ئەرەب تارىخىي مەنبەلىرىدە ئۇ ھەقتە ئىككىلا مەلۇمات تېپىش مۇمكىن: بىرى ئىبنى خەلدۇننىڭ مەشھۇر «مۇقەددىمە»

سىدە، ئىككىنچىسى ئىبنى ھاجەر ئەسقەلانىينىڭ بىئوگرافىك لۇغىتىدە، ئەسقەلانىي ئۆزىنىڭ بىئوگرافىك سۆزلۈكىدە ئىبنى بەتتۇتە ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ھەقتە ئۆز زامانداشلىرىدىن ئىبنى خەتىب (ۋاپاتى 1374 ـ يىلى) بىلەن ئىبنى مەرزۇك (ۋاپاتى 1448 ـ يىلى) نىڭ مەلۇماتلىرىغا تايانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىزنىڭچە، ئىبنى بەتتۇتە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يەنىلا سەيياھنىڭ ئۆز ئەسىرىدىن تولۇقراق تېپىش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭدا سەيياھنىڭ ھاياتىدىكى ۋە سەپەرلىرىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر تولۇق بايان قىلىنغان.

مەلۇماتلارغا كۆرە، ئىبنى بەتتۇتەنىڭ تولۇق ئىسمى شەمسىددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ لەۋەنىي تەنجىي بولۇپ، ھىجرىيە 703 (مىلادىيە 1304) ـ يىلى تەنجە (ماراكەش تەۋەسىدىكى بىر يۇرت)دە تۇغۇلغان، كېلىپ چىقىشى لەۋەت دېگەن بەربەرلەر قەبىلىسىدىن. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇراھال شەھەر ئاھالىسىدىن بولۇپ، ئەھۋالى ئادەتتىكىچە بولغاچقا، ئاتىسى ئۆز ئوغلىنىڭ چوڭقۇرراق بىلىم ئېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ياش بەتتۇتە مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ۋەزلىرىنى (نۇتۇق) بولسىمۇ ئاڭلاپ، قولىقىنى سەمرىتىش ئۈچۈن، تەۋەككۇل قىلىپ پىيادە ھالدا يۇرتىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى بىر ئۆمۈرلۈك سەيياھلىق سەپىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 725( مىلادىيە 1325) ـ يىلى بولۇپ، ئىبنى بەتتۇتە يولدا يىراق سەپەرگە ئاتلانغان كارۋانلارغا ئۇچراپ، ئۇلارغا ئەگىشكىنىچە نۇرغۇنلىغان شەھەر ـ بازار، يېزا ـ قىشلاقلاردىن، ھەتتا مەملىكەت چېگرىسىدىن ھالقىپ مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە كېلىدۇ. كېيىن يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مىسىردىن سۇرىيىگە، ئۇ يەردىن لىۋانغا، ئاندىن لىۋىيىگە، ئاخىردا بولسا مەككىگە بارىدۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا يول بويى نىشانغىلا قاراپ ئىلگىرىلىمەستىن، تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، يول ئەتراپىدىكى مەشھۇر شەھەر ـ قىشلاقلار، قەدىمىي قورۇلۇش ـ قەبرىگاھلار، شۇنىڭدەك مەشھۇر ئەللامە ـ شەيخلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئائىت تەپسىلاتلاردىن تولۇق خەۋەردار بولىدۇ. ئۇ مەككىدە مۇقەددەس ھەج تاۋاپىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىزگۈلۈك ئاستانىسىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلىدۇ. مەككىدىكى ھاياتى ئۇنىڭ تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ كۆپ مەملىكەت، شەھەر ـ يېزا، مەشھۇر جايلار، ئاتاقلىق كىشىلەرنى كۆرۈش، بىلىش ئىشتىياقىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن يىراق ـ يىراقلاردىكى بوستانلىق يۇرتلار، ئاجايىپ قوۋملار ۋە كارامەتلىك شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە كارۋانغا قوشۇلۇپ، مەككىدىن ئىراققا قاراپ يولغا چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى تۈرلۈك مەملىكەتلەر ـ شەھەر ـ بازار، يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ داۋان، دەريا ـ دېڭىز ۋە باغ ـ يايلاقلاردا خىلمۇ خىل جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ساياھەتتە بولىدۇ. ئۇ شەرقتە ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرى (جۇملىدىن بېيجىڭ)دىن غەربتە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ غەربىدىكى مالىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق جايلارنى كېزىپ چىقىدۇ.

ئىبنى بەتتۇتەنىڭ «ساياھەتنامە»سى ئۇ مىلادىيە 1353 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «مەشرىقتىن مەغرىبكىچە» بولغان بۈيۈك سەپىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، فەس شەھىرىنىڭ ھاكىمى ـــ سۇلتان ئەبۇ ئىناننىڭ ھامىيلىقىدا ساراي تارىخچىسى ئىبنى جۇزەي كەلبىي تەرىپىدىن ئىبنى بەتتۇتەنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىقىلغان. ئىبنى بەتتۇتەنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئۇنى تەتقىق قىلغان ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭ 1377 ـ يىللىرى ۋاپات بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشىدۇ.»

ئىبنى بەتتۇتەنىڭ «ساياھەتنامە»سىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان بۇ قىسمى ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت بۆلىكىدۇر.

## خارەزمگە ساياھەت

بىز سارايدىن① يولغا چىقىپ ئون كۈن ئۆتكەندە، سارايچۇق② شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. «چۇق» — كىچىك دېمەكتۇر، «سارايچۇق» بولسا كىچىك ساراي دېگەنلىكتۇر. ئۇ شەھەر ئۇلۇغسۇ دەرياسى③ قىرغىقىغا جايلاشقانىكەن. دەريا ئۈستىگە خۇددى باغداتتىكىگە ئوخشاش قېيىقلاردىن كۆۋرۈك قىلىنغانىكەن. بىزنىڭ ئات ھارۋىسىلىق ساياھىتىمىز مۇشۇ شەھەردە ئاخىرلاشتى. ئاتلىرىمىز ھېرىپ كۈچتىن قالغاچقا، ئۇلارنى تۆت دىناردىن ۋە ئۇنىڭدىن ئەرزانراق سېتىۋېتىپ، ھارۋىلارغا قوشۇش ئۈچۈن تۆگە ياللىدۇق. بۇ شەھەردە تۈركلەر «ئاتا» دەپ ئاتايدىغان تەقۋادار بىر قېرى دەرۋىشنىڭ ئىستىقامەتخانىسى بار ئىكەن. دەرۋىش بىزنى خانىسىدا مېھمان قىلىپ دۇئا بەردى، كېيىن شەھەر قازىسىمۇ قوبۇل قىلدى.

بىز بۇ يەردىن چىقىپ ئوتتۇز كۈن يول يۈردۇق، ئالدىرىغانلىقىمىز ئۈچۈن كۈنگە ئاران ئىككى قېتىم — كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىشنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. شورپا قايناتتىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورساقنى توقلاش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كەتسە، دەم ئېلىشىمىزمۇ شۇنچىلىك بولاتتى. شورپىنى بولسا بىر قېتىم قايناتىپ ئىچەتتۇق. مەن بىللە ماڭغان كارۋاندىكىلەر يېنىدا گۆش قېقى ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنى شورپىغا چۆكۈرۈپ، ئۈستىگە قېتىق سۈرتكەندىن كېيىن يېيىشەتتى. ھېچبىر سەيياھ تائام ۋە ئۇيقۇ پەيتىدە ئۇلاغنى ھارۋىدىن چىقارمايتتى. ھارۋىدا ماڭا قاراشلىق ئۈچ نەپەر چۆرىمۇ بار ئىدى.

ئادەتتە بۇ يەردىن ئۆتىدىغان كىشىلەر يەم - بوغۇزنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ بەك تېز ماڭغاچقا، چۆلدىن چىققۇچە تۆگىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نابۇت بولىدىكەن. ھايات قالغانلىرىمۇ بىرەر يىل بېقىلىپ سەمرىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىشقا يارايدىكەن. چۆلدە ھەر ئىككى ياكى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە مەلۇم جايلاردا يامغۇر ياكى قۇدۇق سۈيى بار ئىكەن.

## خارەزم شەھىرى

بىز ئۇزاق چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر خارەزم④گە يېتىپ كەلدۇق. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ چوڭ ھەم گۈزەل، ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغان شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ بازارلىرى، كەڭ كوچىلىرى، كۆپلىگەن ئىمارەتلىرى ۋە باشقا كۆركەم، جازىبىدار جايلىرى بار ئىكەن. شەھەردە ھايات قايناق، ئاھالە شۇنچىلىك كۆپكى، گويا دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ. بىر كۈنى شەھەرنى ئاتلىق ئايلىنىۋېتىپ بازارغا كىردىم. بازارنىڭ يېرىمىغا يەتكىنىمدە «شاۋۇر» دېيىلىدىغان كۆجۈم بىر جايغا كېلىپ قالدىم. بۇ يەردە ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، مەن يا ئالدىمغا، يا كەينىمگە سىلجىيالماي ساراسىمىگە چۈشۈپ بىرھازا تۇرۇپ قالدىم، كېيىن تەسلىكتە يولغا چىقىۋالدىم. كىمدۇر بىرىدىن جۈمە كۈنىلا بۇ بازاردا قىستاڭچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. چۈنكى، شۇ كۈنى قەيسەرىيە بازىرى ۋە باشقا بازارلار تاقىۋېتىلىدىكەن.

جۈمە كۈنى جامە مەسچىتى ۋە مەدرىسىگە ئاتلىق يول ئالدىم. بۇ شەھەر سۇلتان ئۆزبېك⑤ نىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇتلۇق تېمۇر ئىسىملىك ئەمىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. مەدرىسە ۋە ئۇنىڭغا

تۇتاش باشقا ئىمارەتلەرنى شۇ ئەمىر سالدۇرغانىكەن. مەسچىتنى بولسا ئۇنىڭ تەقۋادار رەپىقىسى تۆرەپكە خاتۇن سالدۇرۇپتۇ. خارەزمدە مارىستان[6] بار بولۇپ، ئۇنىڭدا سەھىيۇنىي لەقەملىك سۇرىيىلىك ھەكىم ئىشلەيدىكەن. لەقىمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ سۇرىيىدىكى سەھيۇن دېگەن يەردە تۇغۇلغان. پۈتۈن سەپىرىمدە مەن خارەزملىكلەردەك خۇش پېئىل، ئالىيجاناب، سىرتتىن كەلگەنلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە مېھماندوست ئادەملەرنى بەك ئاز ئۇچراتتىم. ئۇلار نامازنى شۇنداق قائىدىلىك ئوقۇيدىكەنكى، مۇنداق ھالنى مەن باشقا جايلاردا ئۇچراتمىدىم. بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە مەزىنئاخۇنۇم مەسچىت ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرگە ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى بىرمۇ بىر خەۋەر قىلىدىكەن. كىمكى جامائەت نامىزىغا قاتناشمىسا، ئىمامئاخۇنۇم ئۇنى جامائەت ئالدىدا قامچىلايدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتتە قامچا ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ سىرتىدا ئۇ كىشىدىن بەش دىنار جەرىمانە ئېلىنىدىكەن. ئۇ پۇل مەسچىتنىڭ يىقىلغان - بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىشقا ۋە ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىكەن. ئاڭلىشىمچە، بۇ ئادەت قەدىمدىن تارتىپ بار ئىكەن.

خارەزم يېنىدىن جەيھۇن دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ دەريا جەننەتتىن باشلىنىدىغان تۆت دەريانىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئىدىل دەرياسىغا ئوخشاش قىشتا مۇزلايدىكەن. بۇ چاغدا ئادەملەر مۇز ئۈستىدە بىمالال يۇرۇۋېرىدىكەن. مۇز دەريادا بەش ئايغىچە ساقلىنىدىكەن. مۇز ئېرىشكە باشلىغان چاغلاردا دەريادا يۈرگەن كىشىلەر مۇز يېرىلىپ كېتىپ، ھالاك بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. ياز كۈنلىرى كىشىلەر دەريادا كېمە بىلەن تېرمىزغىچە بېرىپ، ئۇ يەردىن بۇغداي ۋە سۇلى(سۇلى — تېرمىز ئەتراپىدا تېرىلىدىغان بىر خىل دانلىق زىرائەت) ئېلىپ كېلىشىدىكەن. بۇنىڭغا ئون كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن.

خارەزمدىن چىقىشتا بىر خانىقا بار. بۇ خانىقا بۈيۈك ئەۋلىيالاردىن بولمىش نەجمىددىن كۇبرانىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قۇرۇلغانىكەن. بۇ يەردە زىيارەتچىلەر ئۈچۈن تائام تەييارلىنىدىكەن. بۇ خانىقادا خارەزمنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بولغان مۇدەررىس سەيفىددىن ئىبنى ئەسەبە شەيخلىق قىلىدىكەن. نېرىراقتا يەنە بىر خانىقا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەيخى — ئەڭ بۈيۈك سوپىلاردىن بىرى تەقۋادار مۇجاۋىر جالالىددىن سەمەرقەندىي ئىكەن. ئۇ بىزنى ئۆيىدە مېھمان قىلدى. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئەللامە ئىمام ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر زەمەخشەرىينىڭ مازىرى ۋە مەقبەرىسى بار ئىكەن. زەمەخشەر[7] خارەزمدىن تۆت مىل يىراقلىقتىكى بىر قىشلاقتۇر.

مەن بۇ شەھەرگە كەلگىنىمدە ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توختاپ ئۆتتۈم. ئادەملىرىمدىن بىرىنى قازى سەدىر[8] ئەبۇ ھەفس ئۆمەر بەقرىي ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدىم. قازى مەن تۇرغان جايغا ئۆز نائىبى نۇر ئىسلامنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ سەدىر ھۇزۇرىغا قايتتى. كېيىن يەنە قازى شەخسەن بىر توپ ئادىمى بىلەن كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ياش جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، قىلغان ئىشلىرى جەھەتتە ئۇلۇغ بىر سىيمادۇر. ئۇنىڭ ئىككى نائىبى بولۇپ، بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇر ئىسلام، يەنە بىرى نۇرىددىن كىرمانىيدۇر. كىرمانىي مەشھۇر فەقىھلەردىن بولۇپ، پىكىرلىرى قەتئىي، ئاللاتائالاغا نىسبەتەن ئىمانى مۇستەھكەم كىشى ئىكەن.

بىز قازى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ شەھەردە ئادەم بەكمۇ كۆپ، كۈندۈزى شەھەرگە كىرەلمەيسىز. شۇڭا، ھۇزۇرىڭىزغا نۇر ئىسلامنى ئەۋەتىمەن، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاڭغا يېقىن شەھەرگە كىرىڭ». بىز قازىنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز يېڭى مەدرىسىگە كىردۇق. بۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن قازى شەھەرنىڭ بىر توپ ئابرۇيلۇق كىشىلىرى بىلەن ھۇزۇرىمىزغا كېلىشتى. ئۇلار ئارىسىدا مەۋلانا ھۇمامىددىن، مەۋلانا زەينىددىن مۇقەددەسىي، مەۋلانا رىزائىددىن يەھيا، مەۋلانا فەزلۇللاھ رىزاۋىي، مەۋلانا جالالىددىن ئىمادىي، مەۋلانا شەمسىددىن سىنجارىي ۋە خارەزم ئەمىرىنىڭ ئىمامى بار بولۇپ، ھەممىسى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەردىن

ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا مۇتەزىلىيلەرنىڭ تەسىرى ئۈستۈن بولسىمۇ، ئاشكارا قىلىشمايدىكەن. چۈنكى، سۇلتان ئۆزبېك ۋە ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى ئەمىرى قۇتلۇق تېمۇر سۈننىيلەردىن ئىكەن.

مەن بۇ شەھەردە بولغىنىمدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قازى ئەبۇ ھەفس ئۆمەرنىڭ مەسچىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە جۈمە نامىزى ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا شۇ ئەتراپقا جايلاشقان ئۆيىگە باردىم ۋە قوبۇلخانىسىغا تەشرىپ ئەتتىم. بۇ كۆركەم ۋە ئازادە خانا بولۇپ، چىرايلىق گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، تاملىرى ماتا بىلەن قاپلانغان، تەكچىلەرگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۈمۈش ئىدىشلەر ۋە ئىراقىي كوزىلار قويۇلغانىدى. ئادەتتە مەملىكەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆيلىرىنى ئەنە شۇنداق بېزەيدىكەن. داستىخانغا بەك كۆپ تائاملار تارتىلدى. قازى بەدۆلەت ئادەم بولۇپ، ھېسابسىز مال ـ مۈلكى بار ئىكەن. ئۇ ئەمىر قۇتلۇق تېمۇرنىڭ باجىسى بولۇپ، ئەمىرنىڭ خوتۇنىنىڭ ھەمشىرىسى جەججى ئاغاغا ئۆيلەنگەنىكەن.

شەھەردە بىرقانچە ۋائىز، مۇزەككىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئابرۇيلۇقلىرى مەۋلانا زەينىددىن مۇقەددەسىي بىلەن مەۋلانا ھېسامىددىن مەشاتىي ئىكەن. مەن مەۋلانا ھېسامىددىن مەشاتىينىڭ ۋەزىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. ئۇ جاھاندىكى ئەڭ سۆخەندان تۆت سېيمانىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن.

## خارەزم ئەمىرى

بۇ ــ ئۇلۇغ ئەمىر قۇتلۇق تېمۇردۇر. بۇ ئەمىر ئۇلۇغ سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ بۈيۈك ئەمىرىدۇر. قۇتلۇق تېمۇر يەنە خوراساننىڭ ۋالىيسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ھارۇنبېك سۇلتاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇ قىزنىڭ ئانىسى مەلىكە تايتۇغلۇق ئىكەن. قۇتلۇق تېمۇرنىڭ رەپىقىسى تۆرەبېكە خاتۇن ئالىيجانابلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. قازى مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگىنىدە ، مۇنداق دېدى: «ئەمىر سېنىڭ كەلگىنىڭدىن خەۋەر تاپتى. ئەمما، شۇ دەمدە بىتاپ بولغاچقا، سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلەلمىدى». مەن قازىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەمىر بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىڭ قەسىرىگە باردىم. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغانىدى. بىز باشتا چوڭ بىر قوبۇلخانىغا كىرىپ، ئارقىدىن گۈمبىزى ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۆينىڭ تاملىرىغا رەڭگارەڭ موۋۇت تۇتۇلغان، ئۈستى بولسا زەر قادالغان يىپەكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئەمىر يىپەك تۆشەكتە ئولتۇراتتى، باد كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلىقى سەۋەبلىك پۇتلىرىنى ئورىۋالغانىدى. شۇ چاغدا بۇ كېسەللىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىكەن.

مەن ئەمىرگە سالام بەردىم. ئەمىر مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. قازى ۋە باشقىلارمۇ ئولتۇرۇشتى. ئەمىر مەندىن ئۆز ھۆكۈمدارى ــ پادىشاھ مۇھەممەد ئۆزبېك، بەيەلۇن خاتۇن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى ھەم قۇستەنتەنىيە شەھىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئەمىرنىڭ سورىغانلىرى توغرىسىدا چالا قويماي سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن داستىخان سېلىنىپ، قورۇلغان توخۇ، تۇرنا، باچكا، مايلىق سامسا، مەززىلىك توقاچ ۋە تۈرلۈك تاتلىق يېمەكلىكلەر تىزىلغان پەتنۇسلار كەلتۈرۈلدى. يەنە ھەر خىل مېۋىلەر ــ ئانار دانلىرى، ئۈزۈم، قوغۇنلار تىزىلغان پەتنۇسلارمۇ قويۇلدى. پوستىدىن ئايرىۋېلىنغان ئانار دانلىرى ئىچىگە تىللا قوشۇقچىلار سېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش ئىدىشلاردا، بىر قىسمى بولسا ئىراقىي شىشە ئىدىشلاردا كەلتۈرۈلدى.

بۇ ئەمىرنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىكەنكى، قازى ھەر كۈنى ئۇنىڭ قوبۇلخانىسىغا كېلىپ، مەخسۇس جايدا ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇن ئىجراچىلىرى ۋە پۈتۈكچىلەرمۇ كېلىشىدىكەن. قازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر باش ئەمىر، سەككىز نەپەر تۈركىي ئەمىر ۋە «يازغۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان شەيخلەر

جايلىشىدىكەن. كىشىلەر ئۆز شىكايەتلىرىنى مۇشۇ مەنسەپدارلارغا ئېيتىشىدىكەن. ئەگەر شىكايەت قىلىنغان ئىش شەرىئەتكە ئائىت بولسا قازى، باشقا ساھەگە ئائىت بولسا ئەمىرلەر ھەل قىلىدىكەن. قازى بىلەن ئەمىرلەرنىڭ قارارلىرى ئېنىق ھەم ئادىل بولىدىكەن. ھېچكىم ئۇلارنى مەلۇم بىر تەرەپكە يان باستىڭ دەپ ئەيىبلىمەيدىكەن، ئۇلارمۇ پارا ئالمايدىكەن.

بىز ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققاندىن كېيىن، مەدرىسىگە قايتىپ كەلدۇق. ئەمىر بىزگە گۆرۈچ، ئۇن، بىرنەچچە قوي، ماي، تاماققا كېرەكلىك ھەرخىل دورا ـ دەرمەك ۋە بىرنەچچە باغلام ئوتۇن ئەۋەتىپ بەردى. بۇ مەملىكەتتىكىلەر ھىندىستان، خوراسان ۋە ئىران خەلقلىرىگە ئوخشاش كۆمۈرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بىلمەيدىكەن. ئەمما، جۇڭگودا تاشكۆمۈردىن يېقىلغۇ سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. تاشكۆمۈر خۇددى ياغاچ كۆمۈرگە ئوخشاش كۆيۈپ، ئاخىر كۈلگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سۇ سېپىلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ ھەم پۇتۇنلەي تۈگىگەنگە قەدەر شۇ يېقىلغۇنىڭ ياردىمىدە تائام تەييارلىنىدۇ.

## مەزكۇر قازى ۋە ئەمىرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە

بىر كۈنى مەن قازى ئەبۇ ھەفس مەسچىتىدە ئادىتىم بويىچە ناماز ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەمىر ماڭا بەش يۈز دىرھەم پۇل بېرىپ، سەن ئۇچۈن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇشنى بۇيرىدى. لېكىن، زىياپەتكە يەنە بەش يۈز دىرھەم سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. زىياپەتكە شەيخلەر، قانۇن ئىجراچىلىرى ۋە ئابرۇيلۇق ئادەملەر قاتنىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا: ‹ئەي ئەمىر، ئەگەر زىياپەت بەرسىلە، زىياپەتكە چاقىرىلغانلار ھەرقانچە بولسا بىر ـ ئىككى لوقما تائام يېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەش يۈز دىرھەم زايە بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، زىياپەتكە ئاتىغان پۇللىرىنى مېھماننىڭ ئۆزىگىلا بەرگەن بولسىلا، پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولار ئىدى› دېدىم. ئەمىر: ‹مەن دەل شۇنداق قىلماقچى› دېدى ھەم مىڭ دىرھەم بېرىدىغانلىقىنى كېيىنىپ ئېيتتى».

كېيىن دېگەندەك ئەمىر ئۆز ئىمامى شەمسىددىن سىنجەرىينىڭ نازارەتچىلىكىدە خىزمەتكارىدىن بىر خالتىدا پۇل ئەۋەتتى. ئۇ دىرھەملەرنىڭ قىممىتى مەغرىب ئالتۇنىغا سۇندۇرۇلسا، ئۈچ يۈز دىنارغا توغرا كېلەتتى.

شۇ كۈنى مەن ئوتتۇز بەش دىنارغا قارا تورۇق ئاتتىن بىرنى سېتىۋالدىم ۋە ئۇنى مىنىپ مەسچىتكە باردىم. ئاتنىڭ ھەققىنى ئەمىر بەرگەن مىڭ دىرھەمدىن تۆلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتلىرىمنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپەيدى، تاكى ھىندىستانغا يېتىپ بارغۇچە ئاتلىرىمنىڭ سانى ئېشىپ بېرىۋەردى. ئاتلىرىم كۆپ بولسىمۇ، مەن يەنىلا قارا تورۇق ئاتنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا ئۆزۈم قارايتتىم ۋە باشقا ئاتلارنىڭ ئالدىغا باغلايتتىم. بۇ ئات ماڭا ئۈچ يىل خىزمەت قىلدى. ئۇ ئۆلگەندە مەن قاتتىق قايغۇردۇم.

قازىنىڭ رەپىقىسى جەجى ئاغىمۇ ماڭا دىنار پۇل ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى، ئەمىرنىڭ رەپىقىسى تۆرەبېكە بولسا شەرىپىمگە زىياپەت بەردى. زىياپەتكە قازىخانىنىڭ قانۇن ئىجراچىلىرى ۋە شەھەردىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرمۇ تەكلىپ قىلىندى. بۇ زىياپەت ئۇنىڭ ئۆزى سالدۇرغان مەسچىتتە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ يەردە شەھەرگە سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ ۋە شەھەردىن كەتكۈچىلەرگىمۇ تائام تارتىلدى. تۆرەبېكە خاتۇن ماڭا ئۆز نامىدىن سۆسەر تاشلىق چاپان ۋە يارامىلىق بىر ئات تۆھپە قىلدى. تۆرەبېكە مىجەزى ياخشى، تەقۋادار ۋە سېخىي ئايال ئىكەن. ئاللا ئۇنىڭدىن ياخشىلىقىنى ئايىمىسۇن !

مەن مەزكۇر ئابرۇيلۇق بېكە ئۆز شەرىپىمگە ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتنى تاشلاپ مەسچىتتىن چىققىنىمدا، ئىشىك ئالدىدا كونا چاپان كىيگەن بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ بېشىغا پەرەنجە ئارتىۋالغان، يېنىدا يەنە بىر قانچە ئايال بار ئىدى. ئايال ماڭا سالام بەردى. مەن ئۇنىڭ سالىمىنى ئانچە

ئېرەنشىمىگەن هالدا ئىلىك ئالدىم. كوچا ئېغىزىغا چىقىشىمغا بىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلاردىن بىرى كېلىپ: «سىزگە سالام بەرگەن ئايال تۈرەبېكە خاتۇننىڭ ئۆزىدۇر» دېدى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆيلىپ كەتتىم. تۈرەبېكەنىڭ ئالدىغا بارغۇم كەلدى، ئەمما ئۇ كېتىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا بىر خىزمەتكارى ئارقىلىق سالام يوللاپ، ئۇنى تونۇمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزرە سورىدىم.

## خارەزم قوغۇنى

شەرق ياكى غەربتە بولسۇن (غەربكە جايلاشقان ئىسلام مەملىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، خارەزم قوغۇنىغا تەڭ كېلىدىغان قوغۇن بولمىسا كېرەك. بۇخارا قوغۇنى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، ئىسپاھان قوغۇنى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تۇرىدۇ. خارەزم قوغۇنىنىڭ شاپىقى يېشىل، گۆشى يۇمشاق، تەمى بەك تاتلىق، توق رەڭلىك كېلىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، خارەزملىكلەر بۇ قوغۇننى توغراپ، بىزدىكى ئەنجۈر قېقى ۋە مەلەگە ئەنجۈرىگە[9] ئوخشاش ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سېۋەتكە سېلىشىپ ھىندىستانغا ۋە جۇڭگونىڭ يىراق شەھەرلىرىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىشىدىكەن. قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر ئىچىدە قوغۇن قېقىغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق ئىكەن. مەن ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە تۇرغىنىمدا سەيياھلار كېلىپ قالسا، ئۇلاردىن بىرەرسىنى قوغۇن ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ھىندىستان پادىشاھىمۇ ئالدىغا ئازراق قوغۇن قېقى كېلىپ قالسا، مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتەتتى. ئەجنەبىيلەرنى ئۆز مەملىكىتىدىن چىقىدىغان مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، ئىلتىپات كۆرسىتىش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

## ئار - نومۇسلۇق سودىگەر

ساراي شەھىرىدىن تاكى خارەزمگە بارغۇچە كەمىنىگە كەربالا (مەشھەدى ھۇسەيىن)[10] شەھىرىدىن بولغان شەرىف ئەلى ئىبنى مەنسۇر ھەمراھ بولدى. ئادەتتە مەن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلاتتىم. ئۇ ئون دىنارغا كىيىم - كېچەك سېتىۋالسا، ماڭا سەككىز دىنارغا ئالدىم دەپ قويۇپ، ئۆزى ئون دىنار تۆلەپ، مەندىن پەقەت سەككىز دىنار ئېلىپ يۈرۈپتۇ. مەن بۇ ئىشنى كېيىن باشقىلاردىن ئۇقتۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇ مېنى ئۆزىگە قەرزدار قىلىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ساخاۋىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ياخشىلىقىنى قايتۇرماقچى بولدۇم، شەرىف: «خۇدا ھەققى، بۇنداق قىلماڭ» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. كېيىن مەن ئۇنىڭ كەففار ئىسملىك قۇلىغا سوغا ئېلىپ بېرەي دېسەم، شەرىف يەنە: «خۇدا ھەققى، بۇنداق قىلماڭ» دەپ كۆنمىدى. بۇ ئادەم مەن ئۇچراتقان ئىراقلىقلار ئىچىدە ئەڭ قولى ئوچۇق، ساخاۋەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مەن بىلەن بىللە ھىندىستانغىچە بارماقچى ئىدى. ئەمما، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ بىر توپ يۇرتداشلىرى خارەزمگە كېلىشتى، ئۇلار بۇ يەردىن چىنماچىنغا بارماقچى ئىكەن. ئەلى ئىبنى مەنسۇرمۇ يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن ھىندىستانغا بارماقچى ئىدىڭىزغۇ؟» دېسەم، ئۇ: «بۇلار مېنىڭ يۇرتداشلىرىم، ئەگەر سىز بىلەن كەتسەم، بۇلارنى يۇرتقا قايتقاندا بالا - چاقىلىرىمغا: ‹ئاتاڭلار خۇددى دىۋانىدەك بىرسىگە ئەگىشىپ ھىندىستانغا كەتتى›، دەپ ئېيتمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ماڭا چىدىغۇسىز شەرمەندىچىلىك كەلتۈرىدۇ. ياق، مەن بۇنداق شەرمەندىچىلىككە چىدىيالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يۇرتداشلىرى بىلەن چىنماچىنغا كەتتى.

ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئەلى ئىبنى مەنسۇر ئالمالىق شەھىرىگە[11] يېتىپ

بېرىپتۇ. بۇ شەھەر ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ۋىلايەتلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ۋە چىن (جۇڭگو)نىڭ باشلىنىشىدۇر. ئۇ ئۆزى شۇ يەردە قېلىپ، بارلىق ماللىرىنى خىزمەتكارىغا تاپشۇرۇپ، سېتىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. خىزمەتكار قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇ كەمدە ئالىمالىقتا — ئۇ چۈشكەن سارايغا ئۇنىڭ يۇرتىدىن يەنە بىر سودىگەر كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەلى ئىبنى مەنسۇر خىزمەتكارى قايتىپ كەلگەندە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ سودىگەردىن پۇل قەرز سوراپتۇ. ئەمما، ئۇ سودىگەر بەرمەپتۇ. ئۇ ئاز كەلگەندەك، ئۇ سودىگەر ساراي خوجايىنىغا شەرىفتىن ئۆي ئىجارىسىنى كۆپرەك ئېلىشنى ئۆگىتىپتۇ. شەرىف بۇنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك نومۇس ئىچىدە قاپتۇكى، بۇ شەرمەندىچىلىككە چىدىيالماي، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى پىچاقلىۋاپتۇ. كىشىلەر كىرگەندە ئۇ تېخى تىرىك ئىكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنىڭ خىزمەتكارىدىن كۆرۈشۈپتۇ. ئەمما شەرىف: «بىچارە خىزمەتكاردا گۇناھ يوق، بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلدىم» دەپتۇ ۋە شۇ كۈنى جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللا كەچۈرسۇن ! شەرىف ماڭا ھەمراھ بولغان مەزگىلدە خۇددى مۇشۇ ۋەقەگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر يىلى ئۇ دەمەشقلىق بىر سودىگەردىن پۇل قەرز ئالغانىكەن. ئۇ سودىگەر ھەما⑫ شەھىرىدە ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، پۇلىنى سوراپتۇ. شەرىف قەرز ئالغان پۇلغا سېتىۋالغان ماللىرىنى نېسىگە سېتىۋېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ سودىگەرگە قەرزىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگىنىگە ئۆكۈنۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ سەللىسىنى يېشىپ ئېسىلىۋالماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا كېيىنرەك ئۆلۈش نېسىپ بولغان بولسا كېرەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىدىن ئۇسۇملۇك قەرز بېرىدىغان بىر يېقىنى كېچىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

مەن خارەزمدىن كېتىشكە ھازىرلىق كۆرۈپ تۆگە ياللىدىم، كاجۇۋا سېتىۋالدىم. ئەفزەلدىن تۇزەرىي كاجۇۋىدا مەن بىلەن يانمۇ يان ماڭدى. خىزمەتكارلار ئۆزلىرى مىنىشكەن ئاتتىن باشقىلىرىغا سوغۇق ئۆتۈپ قالماسلىق ئۈچۈن توقۇم توقۇشۇۋالغانىدى. بىز خارەزم بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى چۆلگە كىرىپ كەلدۇق. بۇ چۆلدىن ئون سەككىز كۈندە چىققىلى بولاتتى، ئارىدا پەقەت بىرلا قىشلاق بار ئىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەن ئەمىر قۇتلۇق تېمۇر بىلەن خەيرلەشتىم. ئۇ ماڭا تون ھەدىيە قىلدى. قازىمۇ مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەئيانلىرى بىلەن ھۇزۇرۇمغا كەلدى ۋە بىر تون يوللۇق تۇتتى.

بىز تۆت كۈن يول يۈرۈپ، قىيات⑬ شەھىرىگە يەتتۇق. بۇ يولدا مۆجىزىلىك ۋە گۈزەل شەھەر قىياتتىن ئۆزگە مەنزىل يوق ئىدى. بىز شەھەر ئەتراپىدىكى مۇزلاپ كەتكەن بىر ئېقىن يېنىدا توختىدۇق. مۇز ئۈستىدە باللار تېيىلىپ ئوينىشىۋاتاتتى. بۇ شەھەرنىڭ قازىسى سەدىر شەرىف مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ، شاگىرتلىرى ھەم شەھەرنىڭ تەقۋادار شەيخى مەھمۇد خىۋاقىي ھەمراھلىقىدا مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھوزۇرۇمغا كەلدى. مەن ئۇ قازى بىلەن خارەزم قازىسىنىڭ ئۆيىدە تونۇشقانىدىم. شۇ چاغدا شەيخ مەھمۇد: «ئادەتتە شەھەرگە مېھمان كەلسە، ئەمىر كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، شەھەر ئەمىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەيلى!» دېدى. ئۇلار ئادەم ئەۋەتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەمىر مەھرەم ۋە مۇلازىملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. بىز تېزرەك يولغا چىقىشقا ئالدىرايتتۇق. ئەمما، ئەمىر بىزنىڭ شەھەردە تۇرۇشىمىزنى سوراپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. زىياپەتكە ئۆز ئەئيانلىرى ۋە سەركەردىلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلدى. شائىرلار ئەمىر شەرىپىگە مەدھىيىلەر ئوقۇشتى. ئەمىر ماڭا ئۇستۇۋاش ۋە ياخشى بىر ئات ھەدىيە قىلدى. بىز ساپايە دېگەن يول بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. قۇملۇقتىن ئالتە كۈندە ئۆتۈپ، باباكەنت⑭ شەھىرىگە يەتتۇق. ئۇ يەردىن بۇخاراغا بىر كۈنلۈك مۇساپە ئىكەن. باباكەنت چىرايلىق شەھەرچە ئىكەن. ئۇ يەردە ئېرىقلار، باغلار كۆپ ئىكەن، شەھەر ئاھالىسى يىل بويى ئۆيلىرىدە ئۈزۈم ساقلايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالغۇرە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مېۋىسى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ مېۋىنى قۇرۇتۇپ ھىندىستان ۋە چىنغىچە ئېلىپ

بېرىپ ساتىدىكەن. يەنە بۇ مېۋىنى سۇغا چىلاپ، شەربىتىنى ئىچىشىدىكەن. بۇ مېۋە يېڭى ۋاقتىدا شېرىن بولغان بىلەن، قۇرۇتۇلسا قىرتاقراق بولۇپ قالىدىكەن. مېۋىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئېتى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، مەن نە ئەندەلۇسىيىدە، نە سۇرىيىدە بۇنداق مېۋىنى كۆرمىگەنىكەنمەن. بىز كۈن بويى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن باغلار، ئېرىقلار، دەرەخلىكلەر ۋە شۇدىگەر قىلىنغان ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈپ، بۇخارا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇخارا ــ مۇھەددىسلەر ئىمامى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىينىڭ[15] ۋەتىنىدۇر. بۇ شەھەر جەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى شەھەرلەرنىڭ پايتەختى ئىدى. ئەمما، بۇ شەھەرنى ئىراق پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان لەنىتىي تاتار چىڭگىز ۋەيران قىلغانىدى. ھازىر بۇ شەھەردىكى مەدرىسە، مەسچىت ۋە بازارلانىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى خارابە ھالىتىدە يېتىپتۇ.

موڭغۇللار ئىستېلاسى مەزگىلىدە بۇخارالىقلار خارۇزار بولۇپ، ئابرۇيى تۆكۈلگەنىدى. ئۇلار جاھىللىق قىلىپ، ساختا ئىدىيىلىرىدە چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، خارەزم ۋە باشقا مەملىكەتلەردە بۇخارالىقلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان بولۇپ قالغانىدى[16]. ھازىر بۇ يەردە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىلىم ـ ئىقتىدار ئىگىلىرى ياكى بىلىمگە قىزىقىدىغان ئادەملەر قالماپتۇ.

## تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، بۇخارا ۋە باشقا شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشى

چىڭگىزخان خەتە[17] ئۆلكىسىدە تۆمۈرچىلىك قىلغان. ئۇ سېخىي، كۈچتۈڭگۈر ھەم بەستلىك ئادەم بولغاچقا، ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىغا بىر توپ كىشىلەرنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ يولباشچىسىغا ئايلانغان. ئۇ كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. ئۇ دەسلەپتە موڭغۇللار پادىشاھى، ئاندىن جۇڭگو پادىشاھى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. قوشۇن ئەۋەتىپ خوتەن، قەشقەر ۋە ئالمالىق قاتارلىق جايلارنىمۇ قول ئاستىغا كىرگۈزگەن. خارەزم شاھىنىڭ ئوغلى جالالىددىن سىنجار خارەزم، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى بولۇپ، كۈچ ـ قۇدرىتى زور ئىكەن. چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشمايدىكەن. شۇنداق بىر ئىش بوپتۇكى، چىڭگىزخان ئۆز سودىگەرلىرىنى موغۇل، چىن ماللىرى ــ يىپەك كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا تۈرلۈك بۇيۇملار ئارتىلغان ئۇلاغلار بىلەن جالالىددىنغا قاراشلىق ئوترارغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ۋالىيسى بۇ ھەقتە جالالىددىنغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىش لازىملىقىنى سوراپتۇ. جالالىددىن ئۇ سودىگەرلەرنى ماللىرىنى تارتىۋېلىپ ھەم بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا يازما پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئاللاتائالا شەرق خەلقلىرىنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىشقا ئەھدى قىلغان بىر پەيتتە جالالىددىننىڭ بۇنداق پالاكەت كەلتۈرگۈچى پەرمانىنى چۈشۈرۈشى ئاقىۋەتتە زور بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بوپتۇ.

ئوترار ۋالىيسى ئىشنى پەرمان بويىچە بېجىرگەچكە، چىڭگىز مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىھېساب قوشۇن تەييارلاپ، جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشىدۇ. ئوترار ۋالىيسى چىڭگىزنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى پايلاپ كېلىشكە جاسۇس ئەۋەتكەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ جاسۇسلاردىن بىرى چىڭگىز ئەمىرلىرىنىڭ قوشۇنى ئارىسىغا تىلەمچى قىياپىتىدە كىرىۋالغان. ئۇ بۇ يەردە قورساق تويغۇزىدىغانغا ئامالسىز قېلىپ، بىر چېرىكنىڭ ئالدىغا كىرگەن. لېكىن، ئۇنىڭدىمۇ يېگۇدەك بىر نەرسە چىقمىغان. ئۇ چېرىك قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئېتىنىڭ تومۇرىنى كېسىپ، يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن

قۇرۇتۇلغان كارناي (قويىنىڭ كارنىيى)نى نەمدەپ، ئۇنىڭغا ئات قېنىنى تولدۇرغاندىن كېيىن، ئېغىزىنى بوغۇپ ئوتقا قاقلاپ قايىنىتىپ، ئىشتىها بىلەن ئىچكەن. ئايغاقچى ئوترارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋالىيغا تاتارلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنى تاتارلار بىلەن جەڭ قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. ۋالىي جالالىددىن شاھتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جالالىددىن ۋالىيغا ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى قوشۇندىن سىرت، يەنە ئاتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپلەپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئارىدا جەڭ باشلانغان. چىڭگىز قوشۇنلىرى قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئوترار شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بالىلارنى ئەسىرگە ئالغان. شۇ چاغدا جالالىددىن چىڭگىزخانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئوترارغا كەلگەن، ئىككى ئارىدا شۇنداق جەڭلەر بولغانكى، تارىختا تېخى مۇنداق جەڭ بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، چىڭگىز پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى بېسىۋېلىپ، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە تېرمىزلارنى ۋەيران قىلغان؛ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ شەھىرىگىچە يېتىپ بارغان ۋە ئۇ يەرنىمۇ قولىغا كىرگۈزگەن. ئارقىدىن باميان[18] تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئىگىلىگەندىن كېيىن، خۇراسان ۋە ئىراقەل ـ ئەجەم تەۋەلىرىگىچە بېسىپ كىرگەن. بۇ چاغدا بەلخ ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى مۇسۇلمانلار چىڭگىزخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىز ئارقىسىغا يېنىپ، قولىدا قىلىچ تۇتقان پېتى بەلخكە يېتىپ كەلگەن ۋە بۇ شەھەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان. ئۇ يەردىن تېرمىزغا كېلىپ، ئۇنىمۇ شۇنداق ۋەيران قىلغانكى، تېرمىز تامامەن خارابىگە ئايلانغان. بۇ جاي ھېلىھەم خارابە ھالىتىدە تاشلىنىپ ياتىدۇ. كېيىنكىلەر بۇ جايدىن ئىككى مىل[19] يىراقلىقتا بىر شەھەر بەرپا قىلىپ، ئۇنى تېرمىز دەپ ئاتىشىپتۇ. چىڭگىز باميياندا ئاھالىنى قىرىپ، مەسچىت مۇنارىدىن باشقا ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى تامامەن تۈزلىۋەتكەن. كېيىن ئۇ بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئاھالىسىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا تەگمەيلا ئىراققا قايتىپ كەتكەن. تاتارلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشى قىلىچ بىلەن ئىسلام پايتەختى ــ خەلىپىلەر قارارگاھى بولغان باغداتقا بېسىپ كىرگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. ئۇلار باغداتتا ئابباسىيلار خەلىپىسى خەلىپە مۇستەسىم بىللاھنى [20] ئۆلتۈرگەن. ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي !

## ئىبنى جۇزەي ھېكايىسى

شەيخىمىز، قازىيۇل ـ قۇززات ئەبۇل بەرەكات ئىبنى ھەج (ئاللا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى زىيادە قىلسۇن !) بىزگە مۇنداق دېگەنىدى: «خاتىپ ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى رەشىدتىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ مەككەئى مۇكەررەمەدە ئىراقلىق ئۆلىمالاردىن بىرى نۇرىددىن ئىبنى زۇجەج ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسىنى ئۇچرىتىپتۇ. خاتىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى: ‹موڭغۇللار باسقۇندا ئىراقتا يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆلىما ھالاك بولدى، مەن ۋە بۇ نەۋرەمدىن باشقا ھېچكىم تىرىك قالمىدى، دەپتۇ.›»

بىز بۇخارانىڭ فەتھئابات[20] دېگەن يېرىدە توختىدۇق. بۇ يەردە ئۇلۇغ ئەۋلىيالاردىن بىرى ــ ئەللامە شەيخ، پىنھاندا ياشىغان ئەۋلىيا سەيفۇددىن باخەرزىينىڭ قەبرىسى بار ئىكەن. بىز قونغان خانىقا مەزكۇر شەيخنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى كاتتا، ۋەخپىلىرى ھېسابسىز ئىكەن. زىيارەتچىلەر ئەنە شۇ ۋەخپىلەردىن كېلىدىغان دارامەتلەر ھېسابىغا ئوزۇقلىنىدىكەن. بۇ خانىقانىڭ شەيخى سەيفۇددىن ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، مەككىگە ھەج قىلغان يەھيا باخەرزىيدۇر. شەيخ مېنى ئۆز ئۆيىدە قوبۇل قىلدى، شەرىپىمگە شەھەرنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى يىغىپ زىياپەت بەردى. قارىيلار ئاجايىپ ئاۋازلىرى بىلەن قۇرئاننى قىرائەت قىلىشتى. ۋائىز بولسا ئەمرىمەرۇپ قىلدى. ھاپىزلار تۈركىي ۋە پارسىي تىلدا شۇنداق ياخشى قوشاقلارنى ئېيتىشتى. بىز ئۈچۈن بۇ ئەڭ غارايىپ كېچىلەردىن بىرى بولدى.

مەن بۇ يەردە ئەللامە فەقىھ، ھىراتتىن كەلگەن مۆتىۋەر سەدىر شەرىئەنى ئۇچراتتىم. ئۇ دىن يولىنى قاتتىق تۇتقان تەقۋادار كىشى ئىدى. بۇخارادا «ئەس ـ سەھىھ»نى تۈزگەن ئەللامە ئىمام، مۇسۇلمانلار شەيخى ئەبۇ ئابدۇللا بۇخارىي قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! بۇخارىينىڭ قەبرىسىگە مۇنۇ خەتلەر پۈتۈلگەنىدى: «بۇ ... كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىينىڭ قەبرىسىدۇر». بۇخارالىق باشقا ئەللامىلەرنىڭ مەقبەرىلىرىدىمۇ ئىسىم ـ شەرىپلىرى ۋە ياراتمىلىرىنىڭ نامى يېزىپ قويۇلغانىكەن. ئۇ پۈتۈكلەردىن كۆپلىرىنى كۆچۈرۈۋالغانىدىم، ئەمما ئۇلار دېڭىزدا ھىندى زەردۇشتىلىرى ماللىرىمنى ئوغرىلىغان چاغدا باشقا نەرسىلىرىم بىلەن بىللە يوقالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز بۇخارادىن چىقىپ، ئۇلۇغ خۇداگۇي سۇلتان ئەلائۇددىن تەرمەشىرىن[22] قارارگاھى تەرەپكە يول ئالدۇق. بىز بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. شۇنداق قىلىپ، بىز شەيخ ئەبۇ تۇراب نەخشەبىينىڭ يۇرتى بولمىش نەخشەب[23] تەۋەسىدىن ئۆتتۇق. نەخشەب باغ ـ ئېرىقلار بىلەن قورشالغان چىرايلىق شەھەر ئىكەن. بىز شەھەر ئەمىرىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئۆيىدە قوندۇق. مېنىڭ بىر چۆرەم ھامىلدار بولۇپ، پات ئارىدا كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئۇنى سەمەرقەندكە بارغاندىن كېيىن يەڭگىسە ئىكەن، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ تۆگىگە ئورنىتىلغان كاجۇۋىدا ئىدى. يولداشلىرىم بۇ چۆرەم بىلەن ئوزۇق ـ ئوقەتلەرنى ئېلىپ كېچىدە يولغا چىقتى. مەن كۈندۈزى باشقىلار بىلەن بىللە مېڭىش ئۈچۈن نەخشەبدە قالدىم. ئۇلار بىلەن بىز باشقا ـ باشقا يول بىلەن ماڭغانىدۇق. بىز كۈن پاتاردا سۇلتاننىڭ ئوردىسى جايلاشقان سەمەرقەند شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. قورساقلىرىمىز ئاچقانىدى. بازارغا يېقىن جايدا توختىدۇق. ئادەملىرىمىزدىن بىرى قانداقتۇر بىر يېمەكلىكنى سېتىۋېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرھالدا قورساقنى توقلىدۇق. سودىگەر ئارىيەتكە بېرىپ تۇرغان چېدىردا كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى ھەمراھلىرىم تۆگە ۋە باشقا ئادەملىرىمىزنى ئىزدەپ كېتىشكەنىدى. كەچتە ئۇلارنى تېپىپ كېلىشتى. سۇلتان شىكاردا ئىكەن. مەن سۇلتاننىڭ نائىبى ئەمىر تاق بۇغا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماڭا ئۆز مەسچىتىگە يېقىن بىر جايدىن ياتاق بەردى. بۇ ياتاق — يۇقىرىدا ئېيتىلغان چېدىرغا ئوخشاش بىر نەرسە ئىدى. مەن چۆرەمنى چېدىرغا جايلاشتۇردۇم. دەل شۇ كېچىدە ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى.

دەسلەپتە ماڭا: «چۆرىڭىز ئوغۇل تۇغدى» دېيىشكەنىدى، ئەمما ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئىسمىم قويۇلىدىغان چاغدا ئادەملىرىمدىن بىرى بالىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن باشقا چۆرىلەرنى چاقىرتىپ، ئۇلاردىن سورۇشتۇردۇم، ئۇلارمۇ شۇنداق دېيىشتى. بۇ قىزنىڭ يۇلتۇزى پارلاق ئىكەن. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغان يىلىدىن باشلاپ مەن ئۆزۈمگە چەكسىز ياخشىلىق ۋە قانائەت بەخش ئەتكەن نۇرغۇن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. ئۇ بىز ھىندىستانغا كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن قازا قىلدى.

مەزكۇر ئوردىدا مەن خۇداگۇي فەقىھ، شەيخ مەۋلانا ھېسامىددىن ياغىينى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ ئىسمى تۈركىي تىلدا «ئىسيانكار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ زات ئەسلىي ئوترارلىق ئىكەن. بۇ يەردە يەنە سۇلتاننىڭ كۈيئوغلى شەيخ ھەسەن بىلەنمۇ ئۇچراشتىم.

ئىزاھاتلار:

① ساراي — ئالتۇن ئوردا پايتەختى.

② سارايچۇق — بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۇرېۋ شەھىرى تەۋەسىدە.

③ ئۆلۈغسۇ — ئۇرال دەرياسى.
④ خارەزم — بۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى خارەزم ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قاراشلىق ئوتتۇرا خارەزم ۋىلايىتىنىڭ پايتەختى ئۆرگەنچنى كۆرسىتىدۇ. ئۆرگەنچنى خارەزم دەپمۇ ئاتاشقان.
⑤ سۇلتان ئۆزبېك — بۇ مىلادىيە 1312 — 1340 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن ئالتۇن ئوردا خانى.
⑥ مارىستان — شىپاخانا.
⑦ زەمەخشەر — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خارەزم ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى بىر قىشلاق. ھازىرقى ئورنى تۈركمەنىستاننىڭ تاشاۋۇز ۋىلايىتى تەختە ناھىيىسى تەۋەسىدە.
⑧ سەدىر — يېتەكچى، يولباشچى.
⑨ مەلەگە ئەنجۈرى — ئەندەلۇسىيەدىكى مەلەگە شەھىرىدە ئۆستۈرۈلىدىغان ئەنجۈر سورتى.
⑩ كەربالا (مەشھەدى ھۆسەيىن) — ئىراقتىكى بىر شەھەر، شىئەلەر زىيارەت قىلىدىغان قەدىمىي جاي. بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۆسەيىن جەڭدە شېھىت بولغان.
⑪ ئالمالىق — چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا بارىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى. ھازىرقى ئورنى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
⑫ ھەما — سۇرىيىدىكى بىر شەھەر.
⑬ قىيات — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە خارەزمنىڭ پايتەختى بولغانلىقى ئۈچۈن خارەزم دەپمۇ ئاتالغان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئەللامىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي مىلادىيە 973 ـ يىلى مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان. ئورنى قاراقالپاقىستاننىڭ بىرۇنىي ناھىيىسىدە.
⑭ باباكەنت ـ بۇخارانىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان قەلئە شەھەر، ھازىر ناھىيە.
⑮ ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىي (810 — 870) — ئالتە يۈز مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر «ئەل ـ جامىئ ئەس ـ سەھىھ» نىڭ مۇئەللىپى.
⑯ سەيياھ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھوقۇقسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.
⑰ خەتە — (خەتەي) موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى موڭغۇللار رايونى.
⑱ باميان — كابۇل بىلەن بەلخ ئارىلىقىدىكى تاغلىق شەھەر، قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر.
⑲ مىل — قورۇقلۇق مىلى، بىر مىل 7420 مېتىرغا تەڭ.
⑳ خەلىپە مۇستەسىم بىللاھ ئابباسىي — موغۇللار تەرىپىدىن باغداتتا قەتل قىلىنغان ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى.
㉑ فەتھئاباد — ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇخارا شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىغا جايلاشقان قىشلاق، ھازىر بۇخارا شەھىرىگە قاراشلىق.
㉒ ئەلا ئۇددىن تەرمەشىرىن — ماۋەرائۇننەھر سۇلتانى، چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئون توققۇزىنچىسى بولۇپ، مىلادىيە 1326 — 1334 ـ يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى بۇدداچە «دىھارما شىلا — بۇددا قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۆچمەنلىك تۇرمۇشنى ئولتۇراقلىشىشقا ئۆزگەرتكىنى ئۈچۈن، كۆچمەنچى موڭغۇللار ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
㉓ نەخشەب — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھازىرقى قارشى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە نەسەف دەپمۇ ئاتالغان.

(داۋامى كېيىنكىساندا)



# «يۇسۇپ - زىلەيخا»نىڭ ئارخىپى

ئەنۋەر مەتسەيدى

«يۇسۇپ - زىلەيخا» تېمىسى شەرق خەلقلىرى فولكلورىدا ۋە يازما ئەدەبىياتىدا خۇددى «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» تېمىلىرىغا ئوخشاشلا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يۇسۇپ قىسسىسى ئەڭ دەسلەپ «تەۋرات»تا تىلغا ئېلىنغان ۋە «قۇرئان كەرىم»دە «ئەھسەنۇل - قەسەس» (قىسسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى) دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ قىسسە تۈركىي خەلقلەر، پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتلىرىدا ئورتاق تېمىغا ئايلانغان بولۇپ، تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «يۇسۇپ - زىلەيخا» نامىدىكى داستان ۋە قىسسىلەرنىڭ يۈزدىن ئارتۇق نۇسخىسى بار ئىكەن①.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە «يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا قېرىدىلا، ئىشق ئوتىنى جاھانغا تېرىدىلا» دېگەن قوشاق بار. بۇ يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا ئوبرازىنىڭ خەلقىمىز قەلبىدە نەقەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ ئۇلارنى ئىشق - مۇھەببەت پىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى بارلىق ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى قىسسىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ بۇ تېمىدا ئەسەر يازغانلار خېلى بار. بۇ ئەسەردە باشقا مۇھەببەت داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ۋە پىداكارلىق ئۇلۇغلانغاندىن باشقا يەنە، بىرىنچىدىن، يۇسۇپنىڭ مۇقەددەس كىتابلاردا نامى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ھەقتىكى بايانلارنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق، تەسىرلىك ئىكەنلىكى؛ ئۈچىنچىدىن، مۇھىمى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئادەتتىكى ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت بولماستىن، بەلكى كۈچلۈك ئېتىقاد، تەقۋادارلىق، پاكلىق، سەۋر - تاقەت قاتارلىق ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدىكى بىردىنبىر مەنىۋى قورالى بولغان گۈزەل ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت بولغانلىقى (زىنا، ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش، ھارامخورلۇق ۋە خىيانەتكارلىق قاتارلىق چاكىنا قىلمىشلارنى كەسكىن رەت قىلغانلىقى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مۇسۇلمان شەرقىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ سوپىستىك ئەدەبىياتتا ئۇنىڭ بىر ئەنئەنىۋى تېما بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

يەھۇدىي، ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا «يۇسۇپ - زىلەيخا» تېمىسىدا ھەر

uyghurkitap.com



خىل ژانىر ۋە ھەجىمدە نۇرغۇن ئەسەر يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇننى ئىگە. «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» تېمىسىنىڭ يىلتىزى دىنىي مەنبەلەرگە تۇتىشىدىغان بولغاچقا، تارىخىي قاتلىمى چوڭقۇر، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى كەڭ. شۇڭا، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشقا تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىنشۇناسلىق، ئېتىكا (ئەخلاق)، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە (بولۇپمۇ چۈش ئىلمى) قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى مەزكۇر تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزىي يازغان «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دىكى «يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى»دىن باشقا، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» ياكى «مۇھەببەتنامە» ماۋزۇسى ئاستىدا نەزمىي ياكى نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان باشقا ئەسەرلەرمۇ ئۆزىگە خاس ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە. شۇڭا، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش، يەنى ئۇلارنىڭ مەنبەسى، تارقىلىش يوللىرى، ئۆزگىرىش ئەھۋالى ياكى تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىش سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار بويىچە «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» تېمىسىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى، يازما ئەدەبىياتتا كۆرۈلۈش ئەھۋالى ۋە بىرنەچچە خىل نۇسخىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، جۈملىدىن ئۇلار ئۈستىدىكى يۈزەكى سېلىشتۇرما بايانلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى.

### «تەۋرات» (كونا ئەھدى)تا

«يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىدىكى باش قەھرىمان يۇسۇپ ھەققىدىكى مەلۇمات ئەڭ ئاۋۋال يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات»تا كۆزگە چېلىقىدۇ. يۇسۇپ پەيغەمبەر بولۇپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇ چوڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ 361 يىلدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن 64 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ②. «تەۋرات»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى (ئادەتتە «تەۋرات» مۇسا پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىلغان دېيىلىدۇ) بويىچە ھېسابلىغاندا، يۇسۇپ تەخمىنەن 3500 يىل بۇرۇن ياشىغان③.

«تەۋرات»نىڭ بىرىنچى كىتابى «ئالەمنىڭ يارىلىشى»نىڭ 37 ـ ، 39 ـ ، 49 ـ سۈرىلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، يۇسۇپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ راھىلە ئىسىملىك ئايالىدىن تۇغۇلغان بالىسى (ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى بالىسى بار بولۇپ، راھىلەدىن تۇغۇلغىنى ئىككى، چوڭى يۇسۇپ، كىچىكى بۇنيامىن، قالغان ئونى بۇ ئىككىيلەنگە ئانا باشقا بىر تۇغقان) بولۇپ، ئۇنىڭغا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام زىيادە ئامراق بولغاچقا، ئاكىلىرى ھەسەت قىلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن سودىگەرلەرگە سېتىۋېتىدۇ. سودىگەرلەر ئۇنى ئاپىرىپ، مىسىرنىڭ باش ياساۋۇلىغا ساتىدۇ. يۇسۇپ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت بولغاچقا، باش ياساۋۇلنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالىدۇ. ئۆزىنى پاك تۇتقان يۇسۇپنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئۇ ئايال ئۆز دەردىنى چىقىرىش ئۈچۈن تۆھمەت چاپلاپ ئۇنى زىندانغا سولىتىۋېتىدۇ. ئەمما، يۇسۇپ مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە توغرا تەبىر بېرىپ، پايدىلىق مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن باش ۋەزىر بولۇپ، مەملىكەتنى قەھەتچىلىك ئاپىتىدىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، پادىشاھنىڭ ئېتىمۇ قەدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. ئاخىردا ئۇ ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلگەن، ئۆز ۋاقتىدا

ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھەم ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، بىر تۇغقان قېرىندىشى بۇنيامىن، ئاتىسى ياقۇپ ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. دېمەك، «تەۋرات»تىكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قىسسىدە يۇسۇپنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ئەمەس، بەلكى ئاكىلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن قۇللۇققا سېتىلىشى، يەنە تۆھمەتكە ئۇچراپ ئازابقا دۇچار بولۇشى، ئەمما دەل مۇشۇ ئىشلار سەۋەبلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ۋاستە بولغانلىقى، قىسقىسى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. «تەۋرات»تا زىلەيخا دېگەن ئىسىم كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت «ئالەمنىڭ يارىلىشى» كىتابىنىڭ «يۇسۇپ بىلەن پوتىفارنىڭ ئايالى» دېگەن 39 - سۈرىسىدە ۋەزىر پوتىفارنىڭ ئايالىنىڭ يۇسۇپكە كۆيۈپ قالغانلىقى ۋە مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، ئۇنى تۆھمەت چاپلاپ زىندانغا سولىتىۋەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەسلىي ھېكايىنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئازاب - كۈلپەتلەرمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بويىچە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى سىناش، شۇنداقلا ئۇنىڭدا پەيغەمبەرگە خاس پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. قانداقلا بولسۇن، مانا مۇشۇ سۈرىنى ئىشق - مۇھەببەتكە بېغىشلانغان «يۇسۇپ - زىلەيخا» نامىدىكى داستان - قىسسىلەرنىڭ دەسلەپكى ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. سۈرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: 1) ئىسمائىل قەبىلىسىدىكى سودىگەرلەر يۇسۇپنى مىسىرغا ئەكېلىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ بىر ئەمەلدارى — باش ياساۋۇل پوتىفارغا ساتقانىدى. 2) پەرۋەردىگار يۇسۇپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئوڭ قىلدى. ئۇ مىسىرلىق خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. 3) پوتىفار پەرۋەردىگارنىڭ يۇسۇپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ئوڭ قىلغانلىقىنى بايقىدى. 4) پوتىفار يۇسۇپتىن رازى بولۇپ، ئۇنى شەخسىي ياردەمچى قىلىپ، ئائىلە ئىشلىرى ۋە پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. 5) شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەرۋەردىگار پوتىفارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىگە، مال - چارۋىلىرىغا ۋە تېرىقچىلىقىغا بەرىكەت ئاتا قىلدى. 6) پوتىفار ھەممىنى يۇسۇپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىدىن باشقا، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان بولدى. يۇسۇپ كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىت ئىدى. 7) ئۇزۇن ئۆتمەي، يۇسۇپكە خوجايىنىنىڭ ئايالىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: — كەل، مەن بىلەن بىر ئورۇندا يات! — دېدى. 8) يۇسۇپ رەت قىلىپ: — ئويلاپ كۆرۈڭ، خوجايىنىم بارلىق تەئەللۇقاتىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇردى. مەن بولغاچقا ئۇ ئائىلە ئىشلىرىغا باش قاتۇرمايدۇ. 9) بۇ ئائىلىدە مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ھوقۇقلۇق. سىزدىن باشقا ھەممىنى ماڭا تاپشۇردى. سىز ئۇنىڭ ئايالى تۇرسىڭىز، مەن قانداقمۇ بۇنداق ئىپلاس ئىشنى قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولاي؟ — دېدى. 10) پوتىفارنىڭ ئايالى ھەر كۈنى شېرىن سۆزلەر بىلەن يۇسۇپنى ئۆزىگە جەلپ قىلىسىمۇ، يۇسۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتماق تۇگۇل، بىر يەردە ئولتۇرۇشنىمۇ رەت قىلىپ كەلدى. 11) بىر كۈنى يۇسۇپ ئۆز ئىشى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۇ چاغدا ئۆيدە باشقا خىزمەتچىلەر يوق ئىدى. 12) پوتىفارنىڭ ئايالى يۇسۇپنىڭ تونىغا ئېسىلىۋېلىپ: — كەلگىن، بىر ئورۇندا ياتايلى! — دېدى. بىراق، يۇسۇپ قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى، تونى بولسا ئايالنىڭ قولىدا قالدى. 13) ئۇ يۇسۇپنىڭ تونىنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، 14) چۇقان سېلىپ، ئۆي خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: — قاراڭلار، ئېرىم ئەكەلگەن ئىبرانىي قۇل بىزگە ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇ ھۇجرامغا كىرىپ، نومۇسۇمغا تەگمەكچى بولغانىدى، مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم.

15) ئۇ مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپ، توننى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قېچىپ چىقىپ كەتتى، — دېدى. 16) ئۇ يۈسۈپنىڭ توننى بەرمەي، ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. 17) ئېرى كەلگەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: — سىز ئەكەلگەن ھېلىقى ئىبرانىي قۇل ھۇجرامغا كىرىپ، ماڭا ھاقارەت كەلتۈردى. 18) مەن ۋارقىرىغاندىم، ئۇ توننى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قېچىپ چىقىپ كەتتى. 19) يۈسۈپنىڭ خوجايىنى ئايالىنىڭ «سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى مانا !» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى. 20) ئۇ يۈسۈپنى تۇتۇپ، ئوردا زىندانىغا قاماپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇ يەردە قاماقتا بولۇپ قالدى. 21) لېكىن، پەرۋەردىگار يۈسۈپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتتى. شۇڭا، زىندان بېگى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، 22) زىنداندىكى باشقا گۇناھكارلارنى باشقۇرۇش ۋە زىندان ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلىدى. 23) يۈسۈپ مەسئۇل بولغان ئىشلارغا زىندان بېگى باش قاتۇرمايدىغان بولدى. چۈنكى، پەرۋەردىگار يۈسۈپكە يار بولغاچقا، ئۇ باشقۇرغان ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغانىدى④.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «تەۋرات»تا يۈسۈپ بىلەن باش ياساۋۇلنىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار پەقەت يۈسۈپنىڭ زىندانغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان بىر دېتال سۈپىتىدىلا ناھايىتى ئىخچام تەسۋىرلەنگەن.

«تەۋرات»تىكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ئالاقىدار ھېكايىنىڭ مەنبەسي ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار بۇ ھېكايىنىڭ مەلۇم تارىخىي ۋە سىياسىي ۋەقە ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بەزىلەر بۇ ھەقتە: «‹ئىنجىل›دىكى يۈسۈپ ھېكايىسى بولسا، مىلادىيەدىن 1700 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى يەھۇدىي ئوردا تارىخ ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان، ئۇ ماتېرىياللار بولسا شۇ دەۋردىكى سىياسىي، تارىخىي ۋەقەنى ئاساس قىلغان» دەپ قارايدۇ⑤. «تەۋرات»تىكى يۈسۈپ سۈرىسىگە ئاساس بولغان تارىخىي ۋەقە توغرىسىدا پولشالىق ئىنجىلشۇناس ئالىم كوستويېۋسكى «‹ئىنجىل› ھېكايىلىرى توپلىمى» دېگەن كىتابىدا يۈسۈپ ھېكايىسى مىسىر تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقىي ۋەقەنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، مىلادىيەدىن 17 ئەسىر بۇرۇن پەيدا بولغانىكەن، دەپ قارىغان⑥. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ ھېكايىسىنى مىسىر ئەدەبىياتىدىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى قەدىمكى مىسىر ئەدەبىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن «ئىككى قېرىنداش» ناملىق رىۋايەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن. ئۇ رىۋايەتتە ئانوبىس بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى بادانىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئانوبىس توي قىلغان، بادا توي قىلمىغانىكەن. ئانوبىس باغدا ئىشلەيدىكەن. بىر قېتىم ئانوبىسنىڭ خوتۇنى بادادىن ئۆزى بىلەن جىما قىلىشنى تەلەپ قىلغان، بادا بۇنى رەت قىلغان. بۇ زەھەرخەندە ئايال بادانى ئېرىگە: «مەن قارشىلىق قىلسام، مېنى ئۇردى» دەپ چېقىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان. ئانوبىس خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، غەزىپىنى باسالماي، بىگۇناھ بادانى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ھېكايە «يۈسۈپ-زىلەيخا» ھېكايىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ⑦.

### «قۇرئان كەرىم»دە

«قۇرئان كەرىم»دە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى جەمئىي 26 ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىگە بېغىشلاپ مەخسۇس بىر سۈرە، يەنى «سۈرە يۈسۈف» نازىل بولغان. «سۈرە يۈسۈف» مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، 111 ئايەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ سۈرىدە يۈسۈپ

ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۈيىقەستى، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇچراتقان ئەھۋاللىرى، زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاقلىنىشى، ئاندىن زىنداندا تورۇپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، ئارقىدىن مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە توغرا تەبىر بېرىپ ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشى، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇرۇشى، كېيىن كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشىنىڭ سەراسىغا كېلىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى، ئاندىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام باشلىق كىشىلەرنى مىسىرغا ئېلىپ كېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە يۇسۇف»نىڭ «تەۋرات»تىكى يۇسۇپ قىسسىسىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. ئەمما، «قۇرئان كەرىم»دە زىلەيخا دېگەن ئىسىم تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن. بۇ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر ياكى تەرجىمە قىلغۇچى تەرىپىدىن قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرسە كېرەك. مەسىلەن، «يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (زىلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: ‹بېرى كەل!›، دېدى. يۇسۇف: ‹خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ›، دېدى [23] . ئۇ (زىلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى [24] . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زىلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. (بۇ چاغدا) ئۇ (زىلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (زىلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ (زىلەيخا): ‹سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك›، دېدى. [25] يۇسۇف: ‹ئۇ (زىلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى›، دېدى. ئۇ (زىلەيخا)نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ: ‹يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇ (زىلەيخا)نىڭ سۆزى راست، يۇسۇفنىڭ سۆزى يالغان [26] . يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (زىلەيخانىڭ) سۆزى يالغان، يۇسۇفنىڭ سۆزى راست›، دېدى [27] . ئۇ (زىلەيخانىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ئەي ئاياللار جامائەسى ! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر›، دېدى [28] . يەنە ئېيتتى: ‹يۇسۇف ! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن. (ئايالىم) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ›، [29] . شەھەردىكى بەزى ئاياللار: ‹ئەزىز (مىسىر پادىشاھى) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز›، دېيىشتى [30] . ئۇ (زىلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكىيە ـ ياستۇقلارنى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (زىلەيخا يۇسۇفكە) ‹سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن›، دېدى، ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: ‹(بۇنداق چىرايلىق ئىنسانني ياراتقان) ئاللاھ پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر›، دېيىشتى [31] . ئۇ (يەنى زىلەيخا): ‹مانا بۇ سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ، دېدى [32] . يۇسۇف: «ئى پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى [33] . پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى. ئاللاھ (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [34] . ئاندىن ئۇلار (يۇسۇفنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر مەھەل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى [35] .»⑧

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلىي تېكىستىدە ئوخشاشلا زىلەيخانىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، يۇسۇپ بىلەن تىرناق ئىچىدىكى زىلەيخا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ۋە گەپ ـ سۆزلەردە بەزى ئوخشىماسلىقلار بار. مەسىلەن، «تەۋرات»تا يۇسۇپنى سېتىۋالغان خوجايىنىنىڭ ئىسمى پۇتىفار (باش ياساۋۇل) دېيىلگەن بولسا، «قۇرئان كەرىم»دە ئەزىز (مىسىر پادىشاھى) دېيىلگەن. ئالدىنقىسىدا يۇسۇپنىڭ تونى سالدۇرۇۋېلىنغان بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىۋېتىلگەن ۋە ئۇ يۇسۇپنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولغان، ۋەھاكازالار.

ئۇندىن باشقا، بىر پۈتۈن ھېكايە مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ، يۇقىرىقىدەك بەزى پەرقلەر بار. بۇ پەرق قۇرۇلما جەھەتتە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. «تەۋرات»تا ھېكايە بىرمۇنچە كىچىك ماۋزۇلار بويىچە ياكى بىرقانچە سۇرىدە بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»دە بولسا، «سۇرە يۇسۇف» دېگەن بىرلا ماۋزۇ ئاستىدا سۆزلەنگەن. ئەمما، بۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ باشقا مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. «سۇرە يۇسۇف»نىڭ ئاخىرقى ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس، لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قوۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر [111] .»⑨

كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىققان يۇسۇپ ھەققىدىكى قىسسىلەردە مۇھەببەت مەسىلىسىنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇشى يۇسۇپ ئوبرازىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارغانلىقىنىڭ، يەنى ئۇنىڭغا بەدىئىي رەڭ بەرگۈچىلەرنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكىنى تېخىمۇ جەلپكار، سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ، مۇسۇلمان پەيلاسوپ ۋە روھانىي ئەدىبلەرنىڭ يۇسۇپنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، پاكلىق جەھەتتىكى پەيغەمبەرگە خاس ئوبرازىنى (ئۇنىڭ هارامغا، زىناغا تۇتقان كەسكىن پوزىتسىيىسىنى) تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى دىنىي ئىدېئولوگىيە، دىنىي ئەقىدە ۋە شەرىئەت قانۇنلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دىكى نۇسخىسى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دا

«قىسەسۇل ـ ئەنبىيا» 14 ـ ئەسىر چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزىي تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن زور ھەجىملىك ئەسەر. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كاتتا ئابرۇيغا ئىگە. كېيىنچە تاش مەتبەئەدە چاپ قىلىنىپ كەڭ تارقالغان.

«قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دا يۇسۇپ ـ زىلەيخا ھەققىدىكى 14ـ قىسسە «ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى زور دەرىجىدە بەدىئىي ئىش قوشۇشنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا خەلق ئەدەبىياتىغا خاس فانتازىيىلىك ئامىللار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قىسسىنىڭ بېشىدا كىتابنىڭ ئاپتورى رەبغۇزىي مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ قىسسە بارلىق قىسسىلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر. بۇنداق دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى: بىرىنچىدىن، بۇ قىسسە باشتىن ـ ئاخىر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىرىدۇر؛ ئىككىنچىدىن، بۇ قىسسە ھەممە قىسسىدىن قىزىقتۇر؛ ئۈچىنچىدىن، باشقا قىسسىلەر بىرقانچە سۈرىنىڭ بىرقانچە ئايىتىدە كەلگەن بولسا، بۇ قىسسە پۈتۈن بىر سۈرىدە كەلگەندۇر؛ تۆتىنچىدىن، باشقا قىسسىلەردە ياتلاردىن كەلگەن جاپالار سۆزلەنسە، بۇ قىسسىدە بىر تۇغقانلاردىن كەلگەن جاپالار سۆزلىنىدۇ؛ بەشىنچىدىن، بۇ قىسسە تۆت ھالەتتە داۋاملىشىدۇ: (1) ئاللاتائالانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش، (2) خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، (3) ھەرقاچان قولى ئۇچۇق بولۇش، (4) يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش؛ ئالتىنچىدىن، بۇ قىسسىنىڭ بېشىمۇ، ئوتتۇرىسىمۇ، ئاخىرىمۇ چۈشتۇر؛ يەتتىنچىدىن، بۇ قىسسە بېشىدىن ئاخىرىغىچە مۇھەببەت ۋەقەسىدۇر»⑩.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى سۆزى «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى شۇ قەدەر كەڭ تەسىرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەكرار ـ تەكرار ئىجاد قىلىنىشىدىكى سىرنى يېشىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي «قۇرئان كەرىم»گە ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دىكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، كېيىنكىسىدە ئەدىبنىڭ ھەجىم، شەكىل، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس يول تۇتقانلىقى ئايان بولىدۇ.

«قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»دىكى قىسسىدە مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئەزىزنىڭ ئايالى زىلەيخا نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر قىستۇرما ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا زىلەيخا يەمەن پادىشاھىنىڭ يالغۇز قىزى، ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز. ئۇ يەتتە ياش ۋاقتىدىلا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان. يۇسۇپنىڭ مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئەزىزنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكى زىلەيخانىڭ چۈشىدە ئايان بولغاندىن كېيىن، ئۇ شاھ دادىسىنىڭ ياردىمىدە ئەزىزگە ياتلىق بولىدۇ. ئەزىزنىڭ ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن يۇسۇپ ئەمەسلىكىنى بىلگەن زىلەيخا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولماي، يۇسۇپ ئۈچۈن ئۆز ئىپپىتىنى ساقلايدۇ ھەمدە يۇسۇپنى قول بازىرىدا كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئالداپ ئۆزىگە قاراتماقچى بولىدۇ.

ئۇنىڭدا يەنە يېڭىدىن قوشۇلغان ھېكايىلەرمۇ خېلى بار. مەسىلەن، بۆرىنىڭ ۋەقەسى، يۇسۇپ قۇدۇققا تاشلانغاندا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقى، زىلەيخانىڭ يۇسۇپنى ئالداش، قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، مىسىر شاھىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ۋەقەسى، ساقى بىلەن جەنىزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن زىندانغا تاشلانغانلىقى، يۇسۇپنىڭ جىبرىئىل ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭدەك ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرىبان پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە يۇسۇپنىڭ نېمە ئۈچۈن 18 يارماققا سېتىلغانلىقى، ۋەھاكازالار⑪.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، قىسسىدە زىلەيخانىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئۇ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى بىلەن يۇسۇپنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، زىلەيخانىڭ ئوتىدا ئازابلانغانلىقى(قىسسىدە ئېيتىلىشىچە، يۇسۇپنىڭ 40 كۈنلۈك ئازابى

زىلەيخانىڭ 40 يىللىق ئازابىدىن ئېشىپ كېتىدۇ)؛ زىلەيخانىڭ تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، يۇسۇپكە پەرۋا قىلمىغانلىقى؛ ئاخىر زىلەيخانىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، 14 ياشلىق قىز ھالىتىگە قايتقانلىقى ۋە يۇسۇپنىڭ نىكاھىغا كىرگەنلىكى؛ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى تەڭداشسىز بولۇپ، يۇسۇپ قازا قىلغاندا زىلەيخانىڭ ئۆلتىجا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا جان تەسلىم قىلغانلىقى، ئىككىسىنىڭ نامىزى بىللە چۈشۈرۈلگەنلىكى[12] گە ئوخشاش بەدىئىي جەھەتتىن ئىش قوشۇلغان ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان. ئېنىقكى، بۇلار قىسسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئىشق مەسىلىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلام پرىنسىپلىرى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

دېمەك، رەبغۇزىينىڭ بۇ قىسسىسى بىزگە ئۇنىڭ بىر ساپ دىنىي ۋە تارىخىي رىۋايەتتىن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىسلامچە دىداكتىك مۇھەببەت قىسسىسىغا ئايلىنىۋاتقان بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسسىنىڭ يۇسۇپ ۋە قېرىنداشلىرى، ئاتىسى، مىسىر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بايان قىلىنغان ئاخىرقى بۆلىكىدىمۇ بىر قاتار بەدىئىي ئىش قوشۇشلار بار.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، قىسسىنىڭ «تەۋرات» ۋە «قۇرئان كەرىم»نى مەنبە قىلغانلىقىدا گەپ يوق. يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئاپتورنىڭ مەزكۇر قىسسە ھەققىدىكى باھاسىدىنمۇ بۇنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا يۇسۇپ ھەققىدىكى قىسسىنىڭ مەخسۇس بىر سۈرىنى تەشكىل قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ئايىتى بىلەن ( «بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز... »)[13]، «بۇ قىسسە بارلىق قىسسىلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر.»، «... بۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئەھسەنۇل ـ قەسەس (قىسسىلەرنىڭ ياخشىسى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ»[14] دەيدۇ. ئەمما، ئاپتور ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى قىستۇرما قىلىپ، دىنىي فانتازىيىلىك ئېلېمېنتلار بىلەن بېيىتىپ قويۇق دىنىي ۋە ئەدەبىي تۈسكە كىرگۈزگەن ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ قىسسىنىڭ جەلپكارلىقى، سېھرىي كۈچى، بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتەرگەن. بۇ ھال «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى بەلگىلەپلا قالماي، قىسسىنى يېزىشتا ئاپتورنىڭ پۈتۈنلەي مۇقەددەس كىتابلارغىلا باغلىنىپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

رەبغۇزىي ئاساسلانغان ياكى ئۆرنەك ئالغان باشقا مەنبەلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا كەلسەك، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر رەبغۇزىينىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ 8 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئەرەب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلىشقا باشلىغان «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»لارنىڭ تەسىرىدە يېزىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئەبۇ ئىسھاق نىشاپۇرنىڭ «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» ناملىق كىتابىنىڭ پارسچە نۇسخىسى (بۇ نۇسخا ۋاھاب ئىبنى مۇنەببىھ 12 ـ ئەسىردە يازغان ئەرەبچە نۇسخا ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن) دىن بىۋاسىتە پايدىلىنىلغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ[15]. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەبغۇزىينىڭ «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»سى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا مەيدانغا كەلگەن، ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتلەردە يۈكسەك سەۋىيە ياراتقان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىنكى يەنە بىر گۆلتاجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەبغۇزىينىڭ «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»سىغا كىرگۈزۈلگەن «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ تەرجىمە ئەسەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئىش ـ ھادىسىنىڭ «ھېكايە قىلىپتۇرلەركى»، «ھېكايەتتە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتۇرلەركى»، «شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇرلەركى»، «شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى»، «رىۋايەت قىلۇرلاركى» دەپ باشلىنىشىدىن[16]

ئاپتورنىڭ نۇرغۇن ئوخشىمىغان مەنبەلەرنى، خەلق ئارىسىدىكى ئاغزاكى نۇسخىلارنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ، بۇ قىسسىنى ئەنە شۇنداق زور ھەجىملىك، مول فانتازىيىلىك، نەسر، نەزىم ئارىلاشقان، ئاممىباب ئەسەر قىلىپ چىققانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارمۇ بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ:

قىسسىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسن - جامالى ناھايىتى كۈچەپ تەسۋىرلەنگەن: «... مەيلى ئاق ياكى قىزىل بولسۇن، قايسى خىل تائام يېسە، بوغۇزىدىن ئۆتكەندە بىلىنەتتى» (165 - بەت). (بۇ تەسۋىر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرىغاندىن باشقا، كېيىن مەيدانغا كەلگەن «مۇھەببەتنامە» داستانىدىمۇ ئەينەن ئېلىنغان.) «قىسەسۇل - ئەنبىيا»دا شەيتان ئوتتۇرىغا چىققان (168 - بەت) (قېرىنداشلىرىنىڭ يۇسۇپكە زىيانكەشلىك قىلىشى، زىلەيخانىڭ كۆڭۈل كەينىگە كىرىپ قىلغان پەسكەشلىكلىرى قاتارلىقلارغا شەيتان قوماندانلىق قىلىدۇ.) ياقۇپنىڭ چۈشى قىستۇرما قىلىنىدۇ (170 - بەت)، يۇسۇپنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچراش جەريانى بەك تەپسىلىي، تەسىرلىك تەسۋىرلىنىدۇ. ھەتتا بىر زاھىت (175 - بەت) بىلەن بۆرىنىڭ ھېكايىسى قىستۇرما قىلىنىدۇ (177 - بەت)، يۇسۇپ قۇدۇقتا پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمىدە ھايات قالىدۇ (174 - بەت)، مىسىردىكى مالىك زەغىر دېگەن سودىگەر يۇسۇپنى چۈشىدىكى بېشارەت بويىچە 18 يارماققا سېتىۋالىدۇ. نېمە ئۈچۈن يۇسۇپنىڭ 18 يارماققا سېتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ھېكايە قىستۇرما قىلىنىدۇ (182 - بەت). يۇسۇپنىڭ بورانىنى توختىتىشى، بۇلۇتنىڭ يۇسۇپ ئۈستىگە سايە تاشلاپ مېڭىشى (184 - 185 - بەت)، شىرنىڭ پەيدا بولۇشى (186 - بەت)، يۇسۇپنىڭ پەيغەمبەرزادىلىكىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشى (187 - بەت)، جىبرىئىلنىڭ بىرقانچە قېتىم خەۋەر يەتكۈزۈشى قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يۇسۇپ مىسىر پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن گەپ يەمەن پادىشاھى تەيمۇسنىڭ يالغۇز ئارزۇلۇق قىزى زىلەيخا توغرىسىدىكى ھېكايىگە بۇرۇلىدۇ (188 - بەت). (يەنى زىلەيخا يەتتە يېشىدا يۇسۇپنى چۈشىدە كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ، يەنە بىر كۈنى چۈشىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى مىسىردا ئەزىز مىسرىي دېگەننىڭ ئۆيىدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاتا - ئانىسىنى ئەزىز مىسرىينى كۈيئوغۇل قىلىشقا كۆندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىراق، ئاللا ئۇنىڭ ئەزىز مىسرىي بىلەن بىرگە يېتىشىنى لايىق كۆرمەي، بىر قىزنى زىلەيخا سۈرىتىدە ئەۋەتىدۇ. زىلەيخا يۇسۇپ بىلەن كۆرۈشكۈچە قىز ھالەتتە بولىدۇ. زىلەيخا يۇسۇپنى قۇل بازىرىدا كۆرۈپ، ئەزىز مىسرىيغا دەپ نۇرغۇن مال - دۇنياغا سېتىۋالىدۇ.) ئۇنىڭدىن باشقا، بىر تۆگىچىدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا سالام ئەۋەتكەنلىكى (194 -بەت)، يۇسۇپنى ئۆزىگە مايىل قىلالمىغان زىلەيخانىڭ ئۇنى قۇللار قاتارىدا ئەمگەككە سالغانلىقى (199 - بەت)، يۇسۇپنىڭ بىر قېتىم ئالدىنىپ قېلىپ، زىنادىن يېنىشىغا ئۈچ نەرسىنىڭ (بىرى، زىلەيخانىڭ بۇتتىن ھېيىقىشى؛ يەنە بىرى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ياقۇپ سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى؛ ئۈچىنچىسى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دوزاخنىڭ ئازابى تەسۋىرلەنگەن ئىككى پارچە خەتنى كۆرسەتكەنلىكى) سەۋەب بولغانلىقى (204 - بەت)، بۆشۈكتىكى بالىنىڭ سۆزلىگەنلىكى، زىلەيخانىڭ يۇسۇپنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى زىندانغا سالغانلىقى (207 - بەت)، ساقى بىلەن جەنىنازنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىدىكى سەۋەبنىڭ ئېنىق بېرىلىشى (213 - بەت)، مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىنى ئېنىق دېمەي، باشقىلارغا تاپقۇزۇشى ۋە ئاخىر يۇسۇپنىڭ تېپىۋېلىشى (چۈشنىڭ مەزمۇنىمۇ سەل پەرقلىنىدۇ (218 -

بەت)، يۈسۈپنىڭ زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلغانلىقى (226 ـ بەت)، يۈسۈپنىڭ ۋەزىر ئەمەس بەلكى پادىشاھ بولۇشى، سەۋەبىنىڭ بۇتقا سەجدە قىلغانلىقتىن قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنلىكى ، زىلەيخانىڭ بۇتتىن پايدا كۆرمەي ئىمان ئېيتقانلىقى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارىتى بىلەن يۈسۈپ زىلەيخاغا ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكى ۋە بىر قامچىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن زىلەيخانىڭ ئوتى يۈسۈپكە تۇتىشىپ، زىلەيخا 40 يىل تارتقان كۆيۈك ئازابىنى يۈسۈپنىڭ 40 كۈن تارتقانلىقى، زىلەيخانىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ 14 ياشلىق قىز ھالىتىگە كەلگەنلىكى ۋە يۈسۈپنىڭ نىكاھىغا كىرگەنلىكى، شۇنىڭدەك كېيىنكى ۋەقەلەردىكى نۇرغۇن دېتاللارنى «تەۋرات» ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن تاپقىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىسسىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى خاھىشلار روشەن ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا قارىشىنى، دىنىي، ئەخلاقىي مىزانلىرىنى چۆرىدىگەن بولۇپ، ئاپتور نۇرغۇن بەدىئىي توقۇلمىلار، قىستۇرما ھېكايىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئاپتورلار يازغان «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»لاردىكى «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» ھەققىدىكى بايانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان.

### «قۇرئاندىكى قىسسىلەر»دە

رەبغۇزىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن قالسا، باشقا مۇسۇلمان مۇئەللىپلەر ئىچىدە مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىسسىلەرنى ئىجادىي ئىشلەپ ئەسەر يازغان ۋە ئۇنىڭدىكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئاپتورلاردىن سۈرىيىلىك مۇھەممەد ئەھمەد زەئد موللا ۋە ئۇنىڭ «قۇرئاندىكى قىسسىلەر» ( بۇ كىتاب 1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان) دېگەن ئەسىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابتا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭغا تىل تەسۋىرى، ۋەقەلىك جەھەتتىن كۆپ ئىش قوشقان، ئۆزىنىڭ باھاسى، ھېسسىياتى ۋە كۆزقاراشلىرىنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇمچە قىلغان. ئومۇمەن، ئۇ مەزكۇر قىسسىنى «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دادىسى بىلەن ئاكىلىرى ئارىسىدا»، «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتا»، «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە زىلەيخا»، «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىشى»، «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن چىقىشى»، «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا ۋەزىر بولۇشى»، «جەم بولۇش» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا ناھايىتى ئىجادىي رەۋىشتە بايان قىلغان بولۇپ، باشقا نۇسخىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى خېلى بار. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

«يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋەزىرنىڭ ئائىلىسىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ ئىدراكى، سەممىي ساداقىتى ۋە ئېسىل، پاك خىسلىتى ۋەزىرنى تېخىمۇ ئىشەندۈردى، مەھلىيا قىلدى. ۋەزىر ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ياكى ئۆز بالىسىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كېلىشكەن يىگىت بولۇپ يېتىشتى. زىلەيخادا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېرىسمەنلىك پەيدا بولۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى زىلەيخانىڭ شۇنداق دىققىتىنى قوزغىدىكى، مەيلى ئۇ ئۆرە تۇرسۇن ياكى ئولتۇرسۇن، ئۇخلىسۇن ياكى ئويغانسۇن، تاماق يېسۇن ياكى چاي ئىچسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىلەيخا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى. زىلەيخا ئۇنىڭغا قارىغانسېرى بۇ يىگىتنىڭ شۇنچە چىرايلىق ۋە زېھنى كۈچىنىڭ شۇنچە تولۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن زىلەيخادا ئىشق

ـ مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، ئىشق ئوتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. زىلەيخا ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغانلىرىدا ئۇنى ئويلايتتى، سېغىناتتى، ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئۇنى دائىم چۈشەيتتى. ئۇ ئىچىدە: «قانداق قىلسام ئۇنىڭغا ئېرىشەرمەن؟ مەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، ئېرىم مىسىردا ئابرويلۇق ئورۇنغا ئىگە، مەن ئەڭ ياخشىسى بۇنداق شەھۋانىي نەپسىمدىن كېچىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، دەپ ئويلايتتى. بىراق، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان يەنە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەھلىيا بولۇپ كېتەتتى. ئىشق ـ مۇھەببەت زىلەيخانىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى»[17].

«قۇرئاندىكى قىسسىلەر»دىكى يۈسۈپ ـ زىلەيخا قىسسىسىمۇ ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە يۈسۈف»كە ئاساسلانغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە يۈسۈپنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئىدىئالى بويىچە بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى تەقدىرگە ئىشىنىش، ئازاب ـ كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرىش (سەبىر)، پاكلىق، مەردلىك، ئەپۇچان، يەنى پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ يارقىن نەمۇنىسى سۈپىتىدە سۈرەتلىگەن.

يۈسۈپ قىسسىسى ئەسلىدىنلا تەقدىرگە تەن بېرىشنىڭ، سەۋر ـ تاقەتنىڭ، پاكلىقنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى، ئەمما كېيىنكى ئاپتورلار ئۇنىڭدىكى يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئىنسان تەبىئىتى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى، ئىسلام شەرىئىتى، جۈملىدىن زىنا، ھارام، گۇناھ چۈشەنچىسى رامكىسى ئىچىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

## بىرقىسىم ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى قەلىمىدە

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قىسسىسى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن 10 ـ ئەسىردىن بۇيان يېزىلغان شەرق كلاسسىكلىرى تەرىپىدىن نەسرىي ۋە نەزمىي يوسۇندا قايتا ـ قايتا يېزىلدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، رەبغۇزىيدىن كېيىن بۇ تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئاپتورلاردىن بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىرى دۇربېك بىلەن موللا رەھىمدۇر. ئۇندىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1988 ـ يىلى تۈزگەن«ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» (بۇنىڭغا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا كىرگۈزۈلگەن) دېگەن كىتابقىلا بۇ داستاننىڭ ئاپتورى نامەلۇم بولغان چاغاتايچە قوليازما نۇسخىسىدىن ئون پارچىسىنىڭ نامى كىرگۈزۈلگەن[18]. دۇربېك 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ياشىغان شائىر بولۇپ، 1409 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن «يۈسۈپ ۋە زىلەيخا» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان. شائىر ئەسەرنى يېزىشتا خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا ناھايىتى يېقىنلاشقان، خەلق ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغان[19]. «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن تېپىلغان يەنە بىر نەزمىي نۇسخىسى ئابدۇقادىر سادىرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇھەررىر ئۆز ئىلاۋىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ دۇربېكنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭدا دۇربېك دېگەن ئىسمىنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا داستاننىڭ ئۆزىدىكى ئۇچۇردىن ئۇنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە يېزىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان[20]. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىچىدە رەبغۇزىيدىن قالسا دىققەتكە بەكرەك سازاۋەر بولغىنى موللا رەھىمدۇر.

گۈزەل «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» تېمىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى موللا رەھىمنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ 1807 ـ يىلى «مۇھەببەتنامە» سەرلەۋھىسى

ئاستىدا چوڭ ھەجىملىك بىر داستاننى يازدى. بۇ داستان 72 كىچىك سەرلەۋھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كىرىش قىسمىغا 13 سەرلەۋھە ئاجرىتىلغان. ئۇلار ھەمدۇسانا، نەئت، ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جامىينىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت. يەنە ئۈچ سەرلەۋھە ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ قىسمىدا ئەۋلادلارغا نەسىھەت قىلغان ۋە ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان. قالغان 56 باب ئاساسىي ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. داستان 9000 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

مولla رەھىم ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى مەشھۇر پارس ـ تاجىك شائىرى ئەبدۇرراھمان جامىينىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەر مۇستەقىل سۇژېت، تىل، بەدىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئەبدۇرراھمان جامىينىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئەسلىي 1807 ـ يىلى مولla يۇنۇس يەركەندىي (ئىلگىرى بىر مەزگىل بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى دەپ قارالغان) ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھىجرىيە 1376 (مىلادىيە 1956) ـ يىلى مولla مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام كاشغەرىي ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى مۇھەممەد سالىھ ھاجى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.[21]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان، بىراق ئاپتورى ئېنىق بولمىغان بىرنەچچە خىل نۇسخىسى بار. بۇلاردىن بىرى رۇس كونسۇلى ن. ف. پېتروۋسكىي قەشقەردىن قولغا چۈشۈرگەن «ھەزرەت يۈسۈف» نامىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، 1909 ـ يىلى پېتربورگتىكى ئاسىيا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ نۇسخا باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ تەييارلىشى بىلەن 2006 ـ يىلى ئالماتادا نەشر قىلىنغان «گۈزەل قىسسە ‹يۈسۈف ۋە زىلەيخا›» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر نۇسخا خەلق داستانى ئۇسلۇبىدا (نەسر ۋە نەزم شەكلىدە) يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 1448 مىسرا شېئىر بار. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار.[22] يەنە بىرى، رۇس ئالىمى س. ف. ئولدېنبورگ 1909 ـ يىلى تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىدا قولغا چۈشۈرگەن «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانى بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر ئەبدۇرراھمان جامىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 1755 ـ 1756 ـ يىللىرى نامەلۇم ئەدىب تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ. خەلقىمىز ئىچىدە جامىي يازغان «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ نەسرلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئۇ «تەرجىمەئى يۈسۈپ ـ زىلەيخا جامىي» دەپ ئاتالغان.[23] ئۇنىڭدىن باشقا، گۇمىدىن تېپىلىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»نىڭ مەسنەۋى شەكلىدىكى تولۇقسىز نۇسخىسىنىمۇ مۇشۇ قاتاردا ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### پارس ۋە قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا

شەرق ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا خەمسىچىلىك ئالاھىدە بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى يەنە بىر قىسىم خەمسە ئاپتورلىرى تەرىپىدىنمۇ يېزىلغان ۋە خەمسىلەردىن ئورۇن ئالغان. بۇ جەھەتتىن ئۇلۇغ پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي بىلەن ئەبدۇرراھمان جامىي ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بولۇپمۇ ئەبدۇرراھمان جامىي ۋە ئۇنىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى مەزكۇر تېما تارىخىدا بىر قەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جامىينىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنى «قۇرئان كەرىم»دىكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

بىلەن سىڭىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا مۇھەببەت تېمىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، باشقا تەرەپلەر زور دەرىجىدە قىسقارتىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: يۇسۇپ دادىسى تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغاچقا، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى پىلانلايدۇ. بىراق، بەختكە يارىشا يۇسۇپ ئامان قالىدۇ. ئۇ كارۋانلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىپ، مىسىرغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. ئۇ مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا مۇلازىملىق قىلىپ يۈرگەندە، مىسىر خانىشى زىلەيخا ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى ۋە گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالىدۇ. زىلەيخا كۆپ قېتىم يۇسۇپنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يۇسۇپ قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىلەيخا قەلبىدە يۇسۇپكە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، پادىشاھقا دەپ ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزىدۇ. ئەمما، مەملىكەت قەھەتچىلىككە يۈزلىنىپ، پادىشاھ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، يۇسۇپنىڭ تەدبىرى پۇقرالارنىڭ ئاچارچىلىقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. پادىشاھمۇ تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا زىلەيخا مۇھەببەت ئازابىدا ئاللىقاچان قېرىپ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇ يۇسۇپنى ئۇچرىتىدۇ. بىراق، يۇسۇپ باشتا ئۇنى تونۇماي قالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ زىلەيخا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ئاللادىن زىلەيخانىڭ ياشلىقىغا قايتىپ ئۆزى بىلەن توي قىلىشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئاللانى تەسىرلەندۈرۈپ، زىلەيخا قىز ھالىتىگە كېلىدۇ ۋە ئۇلار ئاخىر مۇرادىغا يېتىدۇ[24].

دېمەك، جامىي ئۆز داستانىنى قويۇق رومانتىك كەيپىياتتا ئاخىرلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن؛ ۋەقەلىك باشتىن - ئاخىر شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنىپ، ئالاھىدە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىنغان.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ئەسىرىدە خوجا مەسئۇد قۇمىي دېگەن كىشىنىڭ «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا» ناملىق بىر داستان يازغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[25]. دۆلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەررا» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بىرقانچە شائىرنىڭ مەزكۇر تېمىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېلىنغان[26]. «يۇسۇپ - زىلەيخا» قىسسىسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان قازاقىستانلىق ئالىم باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ «گۈزەل قىسسە ‹يۇسۇف - زىلەيخا›» ناملىق كىتابى ۋە تۈركىيە ئالىمى كور ئوغلىنىڭ «‹يۇسۇف - زىلەيخا› داستانىنىڭ تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدىكى سۈژىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، رەبغۇزىيدىن باشقا «يۇسۇپ - زىلەيخا» نامىدا داستان يازغان باشقا تۈركىي تىللىق ئاپتورلاردىن بۇلغار - تاتار شائىرى قۇل ئەلى، تۈركىيىلىك شائىر شېيياد ھەمزە، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە بەلختە ياشاپ چاغاتاي تۈركچىسىدە ئىجاد ئەتكەن شائىر دۇربېك، تۈركمەن شائىرى نۇرمۇھەممەد غەرىب ئەندەلىب، 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەرغانىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىر شاھ ھەكىم خالىس، ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان قىرىم شائىرى ئابدۇمەجىد، ئەزەربەيجان شائىرى قارى دارىر، تۈرك شائىرلىرىدىن خەمدى چەلەبىي، لىكەي، بەخشىتىي، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسانلىق شائىرلاردىن خوجا مەخسۇت گۈلىستانىي، بەدرى بۇخارىي، نازىمى ھىرەۋىي، سۇلى فەقىھ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. قىسقىسى، كور ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىل بىلەن «يۇسۇپ - زىلەيخا» ھەققىدە داستان يازغان 117 نەپەر ئادەمنىڭ ئىچىدە 45 نەپىرى تۈركىي تىللىق شائىر ئىكەن[27]. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا گەرچە بۇ

تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەردىن فۇزۇلىي، بەلخىي قاتارلىقلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە سەھىپە ئېتىبارى بىلەن 17 ـ ئەسىر ئوسمانىيلار شىئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋەكىللىرىدىن بولغان يەھيابېي ۋە ئۇنىڭ خەمسىسىگە كىرگۈزۈلگەن «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەھيابېي نىزامىي، خۇسرەۋ دېھلەۋىي، جامىي ۋە نەۋائىيدىن قالسا خەمسە يازغانلارنىڭ بەشىنچىسى ئىكەن. ئۇنىڭ خەمسىسىنى تەشكىل قىلغان ئەسەرلەر: «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، «گۈلشەنى ئەنۋەر»، «شاھ ۋە گاداي»، «كىتابى ئۇسۇل»، «گەنجىنەئى راز»لاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى كىرىش ۋە خاتىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 113 كىچىك ماۋزۇغا بۆلۈنگەن، 5179 بېيىت، 10358 مىسرادىن تەركىب تاپقان[28]. بۇ داستان بىر پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوخشاشلا «قۇرئان»دىكى شەكلىنى ئاساس قىلغان. «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ نۇسخىلىرىغا ھەربىر مۇئەللىپىنىڭ ئۆز چۈشەنچىسىگە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قاراپ ھەر خىل مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ھېكايىنىڭ جەلپكارلىقى ئاشۇرۇلغان؛ ھەجىم جەھەتتىنمۇ كۆپ پەرقلەر بولغان. يەھيابېينىڭ بۇ داستانى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ھەجىم جەھەتتىن بىرقەدەر چوڭ، يەرلىك پۈرىقى كۈچلۈك داستانلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ (يەھيابېي ئەسلىي ئالبان مىللىتىدىن بولۇپ، تۈركىيىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، مىلادىيە 1582 ـ يىلى 90 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغان)[29]. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا يەھيابېينىڭ بۇ داستانى يېزىشتىن ئىلگىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. بۇمۇ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن[30].

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ كىتابىي نۇسخىلىرىدىن باشقا، خەلقىمىز ئىچىدە ئاغزاكى رەۋىشتە تارقالغان نۇسخىلىرىمۇ بولغان. ئۇلار مەدداھلار تەرىپىدىن ئاغزاكى داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە توزۇلگەن ۋە دەۋردىن دەۋرلەرگە كۆچۈپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە قەلەمگە ئېلىنىپ، بىر قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ خىلدىكى نۇسخىلار ئىچىدە ئاقسۇلۇق كاتىپ ھاجى تالىپنىڭ ئوغلى موللا مۇھەممەدنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراھماننىڭ ھىجرىيە 1349 (مىلادىيە 1931) ـ يىلى كۆچۈرگەن قوليازما نۇسخىسى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. داستاننىڭ بۇ نۇسخىسى ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. نەشرگە تەييارلىغۇچى بۇ نۇسخا ھەققىدە بەرگەن چۈشەندۇرۇشىدە «بۇ داستاننى قەلەمگە ئالغۇچى كىشى داستاننىڭ بېشىدا بەرگەن ئىزاھىدا داستان ۋەقەلىكىنىڭ تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، قۇرئان قاتارلىق دىنىي كىتابلاردا بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ داستاننى قەلەمگە ئالغان كىشى ئەرەب ۋە باشقا تىللاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، داستان ۋەقەلىكىنى ئەنە شۇ كىتابلار ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن تولۇقلىغان. ئۇنى خەلق داستانىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا نەتىجىلىك ئىش قىلغان»[31] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش كۆچۈرمە نۇسخىلاردىن ۋاھىددىن باھاموف (خالىس) تەرىپىدىن ھىجرىيە 1360 (مىلادىيە 1941) ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن (خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلەنگەنلىكى ياكى باشقا قولىيازمىلاردىن كۆچۈرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس) نۇسخىسىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. داستاننىڭ بۇ نۇسخىسى قادىر ئەكبەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 15 ـ سانىدا تونۇشتۇرۇلغان. نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «خالىس» تەخەللۇسى بىلەن رەتلەنگەن بۇ نۇسخا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان نۇسخىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، نەسرىي ھەم نەزمىي شەكىلدە ئىخچام، ئاممىباب خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان. داستاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى خەلق ئېغىزىدا ئېيتىلىپ

كەلگەن «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قىسسىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ نۇسخىدا ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىشى ناھايىتى ئىنچىك، روشەن، سۆزىتى ئىخچام ۋە ساددا. ئاساسىي ۋەقەلىككە قوشۇمچە قىلىپ شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن لېرىك چېكىنىش ــ نەزمىلەرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلار بېرىلگەن⑫. ئومۇمەن، يۇقىرىقى نۇسخىلارنى قوزۇلما ۋە تىل جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەقىقىي مەنىدىكى فولكلور مىراسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

## ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» تېمىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى داۋامى ۋە تەرەققىياتى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدىمۇ ئىنچىك تۈردە قايتا ئىجاد قىلىنىش ۋە رەتلىنىشتىن توختاپ قالمىدى. بۇ جەھەتتە ئابدۇللا ھاپىز (1875 ــ 1956) ۋە ئۇنىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى دىققەتكە سازاۋەر. ئابدۇللا ھاپىز بۇ داستاننى يېزىشتا ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ نەسرىي ـ نەزمىي ئۇسلۇبىنى تاللىۋالغان بولۇپ، بۇ مۇئەللىپنىڭ مۇشۇ داستاننىڭ خەلق ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى شۇ تېمىدىكى باشقا خەلق داستانلىرىنىڭكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئابدۇللا ھاپىز ئۆز داستانىدا نەسرىي باياندا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر تىلىنى ئىشلەتكەن بولسا، نەزمىي تەسۋىرلەردە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزاد قاتارلىق شەكىللىرىنى قوللانغان. شائىر بۇ داستاندا رىۋايەتلىك ۋەقەلەر ۋە ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان⑬.

## ياۋروپا ئەدەبىياتىدا

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» تېمىسى دۇنياۋى تېما. «تەۋرات» ۋە «قۇرئان كەرىم» يېتىپ بارغانلىكى جايدا ئۇ شۇ جايدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىنى مەڭگۈلۈك تېما ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن، شائىرلار ۋە ئەدىبلەر ئۇچۇن قۇرۇماس بىر بۇلاققا ئايلانغان. ياۋروپا ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ماڭا بۇ ھەقتە ئەتراپلىقراق ئىزدىنىش پۇرسىتى بولمىدى، پەقەت توردىن ئېرىشكەن مۇنداق بىرقانچە ئۇچۇرنى بۇ يەردە قوشۇمچە قىلىشنى لايىق تاپتىم:

ئالېكساندىر دۇۋال «يۈسۈپ» ناملىق ئۈچ پەردىلىك ئوپېرا يازغان. ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى فرانسىيە كومپوزىتورى نىكولاس ئائىغول (1763 ــ 1817) ئىشلىگەن. ئۇ ئوپېرا 1807 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پارىژ تىياتېرخانىسىدا ئۈچ قېتىم ئوينالغان. ئۇنىڭدا يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن مىسىرلىقلا سېتىۋېتىلگەنلىكى، پەلەستىندە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكى، يۈسۈپنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان دادىسى باشقا ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، يۈسۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مىسىرغا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا بارغانلىقى، ئۇلارنىڭ يۈسۈپنى تونۇيالمىغانلىقى، يۈسۈپ بولسا بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالغانلىقى، كېيىن يۈسۈپ ئۇلارغا تونۇشلۇق بېرىپ، قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز دادىسىدىن ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشنى ئىلتىجا قىلغانلىقىدەك ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن⑭.

ئاندىرىۋ. ۋېبىر ۋە تىم رايىس 1967 ـ يىلى ئىشلىگەن «يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ سىرلىق رەڭدار تونى» ناملىق ئوپېرا 1968 ـ يىلى لوندوندا قويۇلغان. ئۇنىڭدا «تەۋرات»تىكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان⑮.

ئىتالىيىلىك رەسسام پونتورمو (1494 ــ 1557) «يۈسۈپ مىسىردا» ناملىق بىر پارچە رەسىم

سىزغان. بۇ رەسىم ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.㊱

ئىزاھلار:


① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 148 ـ بەت.
② «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 632 — 633 ـ بەتلەر.
③ 创世纪 - 百度百科 غا قاراڭ.
④ «مۇقەددەس كىتاب» تەرجىمانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، 2001 ـ يىلى ياپونىيىدە بېسىلغان « «مۇقەددەس كىتاب»تىن تاللانمىلار»نىڭ 121 — 123 ـ بەتلىرى.
⑤⑥⑦يۇسۇپ ھۇسەيىن: « يۇسۇپ ـ زىلەيخا، خەلق داستانىنىڭ مەنبىئىنى ئىزدىنىشتىن ئىلھام»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان.
⑧⑨ «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 239 — 249 ـ بەتلەر.
⑩⑪⑫ «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 163 — 254 ـ بەتلەر.
⑬ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە يۇسۇف ئىككىنچى ئايەت.
⑭ رەبغۇزىي: «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 170 ـ بەت.
⑮ ئوسمان ئىسمايىل: «يۇسۇپ ـ زىلەيخا، داستانى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 12 ـ بەت.
⑯ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 164 ـ ، 188 ـ، 213 ـ، 216 ـ، 263 ـ بەتلەر.
⑰ «قۇرئاندىكى قىسسىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 109 ـ، 110 ـ بەتلەر.
⑱ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تېزىملىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 40 ـ، 118 ـ، 184 ـ، 185 ـ، 186 ـ، 187 ـ بەتلەر.
⑲ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى»، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 98 ـ بەت.
⑳ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان، 30 ـ بەت.
㉑ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 62 ـ بەت.
㉒㉓ ئوسمان ئىسمايىل: «يۇسۇف ـ زىلەيخا، داستانى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 14 ـ، 15 ـ بەتلەر.
㉔ 创世纪 - 百度百科 غا قاراڭ.
㉕ نەۋائىي: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى، 56 ـ بەت.
㉖ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرى.
㉗ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان.
㉘ ئوسمان ئىسمايىل: «يۇسۇف ـ زىلەيخا، داستانى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 13 — 14 ـ بەتلەر.
㉙㉚ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 147 ـ، 148 ـ بەتلەر.
㉛ «مىراس» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان، 12 ـ بەت.
㉜ «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 15 ـ سان، 1 ـ بەت.
㉝ نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (4)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 93 ـ بەت.
㉞㉟㊱ 创世纪 - 百度百科 غا قاراڭ.


(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا، ماگىستىر)

# «ئابدۇراھمان خوجا» داستانى ھەققىدە

ئەلانۇر يۇسۇپ

«ئابدۇراھمان خوجا» داستانى پۈتۈن شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان، تەسىرى خېلىلا زور داستان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەننىڭ ئاتچى (خوتەندىكى مەلۇم جاي) دېگەن داۋاندا ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى مەسۇمخان، ئوتتۇرانچىسىنىڭ سۇدۇرخان، كەنجىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇراھمان (1833 ــ 1863) ئىكەن. ئابدۇراھمان 7 ـ 8 ياش مەزگىلىدە تۇيۇقسىز ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي (خىزىر)غا يولۇقىدۇ، خىزىر ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ 30 ياشقا كىرگەندە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدىغانلىقىنى، يۇرتىغا سادىق بولۇشىنى ئېيتىپ، زەمزەم ئىچكۈزۈپ، ئوڭ دولىسىغا ئالتۇن تامغىسىنى بېسىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. دەرۋەقە ئابدۇراھمان خوجا كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارسلاندەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ ۋە ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يېتىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىت (19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن چاغ بولۇپ، ئابدۇراھمان خوجا باشچىلىقىدا نەچچە يۈزلىگەن ئەزىمەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئىلچى (خوتەن شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى) شەھىرىنى قولغا ئالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئامبال قاچاقلىرى ئابدۇراھمان خوجىغا: «بىز بىلەن ئېتىشار بولساڭ مەيدانغا چۈش، بولمىسا ئىلچىنى دەرھال قايتۇرۇپ بەر» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن ئابدۇراھمان خوجا جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ھاجىم ئاتىسىدىن ئىجازەت سورايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ 41 ياردەمچىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاتا ئۇلارنىڭ رەڭگىرويى، تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ 40 ئەزىمەتنى تاللاپ، ئىسمائىل دېگەن بىرىگە كەلگەندە ئابدۇراھمان خوجىغا ئۇنى ھەمراھ قىلماسلىقنى ئېيتىدۇ. ئەمما، ئابدۇراھمان خوجا ئاتىسىغا ئىسمائىلنىڭ يەتتە يېشىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئاش ـ تۇزىنى يەپ چوڭ بولغان ئىشەنچلىك ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قوشۇندىن قالدۇرۇپ قويۇشقا ئۇنىمايدۇ. ئاتا ئىلاجىسىز ئوغلىغا ئىجازەت ۋە دۇئا بېرىدۇ. ئابدۇراھمان خوجا باشلىق قوشۇن پىيالما (گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى)غا يېقىن كەلگەندە، ئىسمائىلنى قارشى تەرەپكە ئەلچىلىككە (جەڭ ئېلان قىلىشقا) ئەۋەتىدۇ. دۈشمەن تەرەپ ئىسمائىلنى: «ئەگەر سەن ئابدۇراھمان خوجىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسەڭ، ساڭا 80 يامبۇ مۇكاپات بېرىمىز» دەپ ئالدايدۇ. ئىسمائىلنىڭ نىيىتى

بۇزۇلۇپ دۈشمەنگە سېتىلىدۇ. جەڭ باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يۇزلەپ چېرىك جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ساتقىن ئىسمائىل ئابدۇراھمان خوجىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدۇ ھەم قىلىچ ئۇرىدۇ. نەتىجىدە ئابدۇراھمان خوجا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرايدۇ. خائىن ئىسمائىل قوشۇندىكىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ھەجىم جەھەتتىن چوڭلۇقى بىلەن باشقا ھەرقانداق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نەسرىي تىل بىلەن نەزمىي تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ داستانلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. (گىرېكلارنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، ھىندىلارنىڭ «رامايانا»، «ماھاپاراتا» ۋە قازاق، قىرغىزلارنىڭ داستانلىرىدا شېئىرىي تىل ئاساس قىلىنغان. پەقەت ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ داستانلىرىدىلا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىك ساقلانغان.) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلق داستانلىرىنىڭ ئەپسانىۋى تۈسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان داستانلار ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئوغۇزنامە» داستانىدىن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى روشەن ھېس قىلىپ ئالالايمىز. ئەنە شۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك بولۇپ كەلدى. بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان «ئابدۇراھمان خوجا» داستانىدىمۇ بۇ خىل ئەپسانىۋى ئالامەتلەرنى ئۇچرىتالايمىز. ئالايلۇق، داستاندا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇراھمان خوجا 7 ـ 8 ياش مەزگىلىدە تويۇقسىز ئاپئاق ساقاللىق «خىزىر»غا يولۇقىدۇ. خىزىر ئۇنىڭغا 30 ياشقا كىرگەندە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدىغانلىقىنى، يۇرتقا سادىق بولۇشنى ھەم ئەلگە باشچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئابى زەمزەم ئىچكۈزۈپ، ئوڭ دولىسىغا ئالتۇن تامغىسىنى بېسىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق داستاندا ئابدۇراھمان خوجىنىڭ كەلگۈسىدە ئارسلاندەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يېتىپ، خەلقپەرۋەر سەركەردە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە تارىخىي داستانلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تارىخىي داستانلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى مىللىي زۇلۇم سىياسىتىدىكى سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەردىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 18 ــ 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇلاردا ئاساسەن مۇستەبىت مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «سېيىت نوچى»، «نۇزۇگۇم»، «ئابدۇراھمان خوجا» قاتارلىق داستانلار.

بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «ئابدۇراھمان خوجا» داستانى ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تىپىك تارىخىي داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابدۇراھمان خوجا ۋاسىتە قىلىنىپ خوتەن خەلق قوزغىلىڭى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى بىر قېتىملىق دېھقانلار ئىنقىلابى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

بىزگە مەلۇمكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خەلق

ئامماسىغا ئېغىر زۇلۇم سالدى. شۇ سەۋەبتىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا مۇستەبىت مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي قوزغىلاڭلار كەينى ـ كەينىدىن پارتلىدى. پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ھەتتا بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى يىراق چېگرا رايون بولغان شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچكىرى رايونلاردا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلۇمغا قارشى بىر قاتار ئىنقىلابلارنى ئېلىپ باردى. چۈنكى، شىنجاڭدىمۇ مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك فېئودال بەگلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنى سىياسىي جەھەتتىن خورلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاپ ـ تالاپ، جىسمانىي جەھەتتىن ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ، تۇغۇلغىنىغا جاق تويغۇزغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى خوتەندە پارتلىغان دېھقانلار ئىنقىلابى ئەنە شۇ كۈرەشلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

«ئابدۇراھمان خوجا» داستانىدا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك خوتەن دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى بەدىئىي يوسۇندا قايتا نامايەن قىلىپ بېرىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى گەرچە رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تارىخىي ۋەقەلەر ئۆز پېتى بايان قىلىنماستىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، كۆز قاراشلىرى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بويىچە بايان قىلىنىدۇ. «ئابدۇراھمان خوجا» داستانىمۇ دەل ئەينى دەۋردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چوڭقۇر سىڭگەن داستاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز داستاندىكى ئابدۇراھمان خوجا ئوبرازىنى تارىختىكى ئابدۇراھمان خوجا بىلەن بىر شەخس دېيەلمەيمىز. خەلق ئاممىسى «ئابدۇراھمان خوجا» داستانىنى ئىجاد قىلغاندا، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى چىنلىق بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تارىختىكى ئابدۇراھمان خوجىدىن ئىبارەت ھەم ئىنقىلابىيلىقتا، ھەم چەكلىمىلىككە ئىگە بۇ شەخسنى تىپىكلەشتۇرۇپ ۋە گۈزەللەشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەن. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، غايىلىرىنى ئابدۇراھمان خوجا ئوبرازىغا يىغىنچاقلاپ، ئۇنى يارقىن ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تارىختىكى ئابدۇراھمان خوجا بىلەن داستاندىكى ئابدۇراھمان خوجىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، داستاندىكى ئابدۇراھمان خوجا تارىختىكى ئابدۇراھمان خوجىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان شانلىق ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئابدۇراھمان خوجىنى ئىنقىلابىيلىققا ئىگە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب — ئۇ خوتەن خەلقىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىنقىلاب قىلىشقا تەشكىللەپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەسۇر، قورقماس، قەتئىي ئىرادىلىك سەركەردە. چەكلىمىلىكى بولسا ئۇنىڭ خوجىلار جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىدە.

ئەمدى داستانىنىڭ قۇرۇلمىسى، تىل ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئۇسۇلى ھەمدە داستاندىكى بىر قىسىم مۇھىم ئىجابىي، سەلبىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

داستان قۇرۇلما جەھەتتىن يىغىنچاق بولۇپ، ئۇنىڭدا چۆچەكلەرنىڭكىدەك سۇژېت قۇرۇلمىسى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ھادىسىلەرگە چېتىشتۇرۇپ بايان قىلىنىپ، كەلگۈسى

ھادىسىلەردىن بېشارەت بېرىلگەن. داستان تىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، جانلىق، راۋان، ئاممىباب، ساپ ۋە تەبىئىي خەلق تىلىدا توقۇلغان بولۇپ، چۈشىنىكسىز، دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەردىن خالىي. بۇ ھال داستاننىڭ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئۇنتۇلماي، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىشىگە قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە داستان تىلى ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سىمۋول، جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە تويۇنغان بولۇپ، داستاننىڭ ئوبرازچانلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى داستاندىكى قوشاق ـ غەزەللەردە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، ئابدۇراھمان خوجا ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئانىسى قوشاق توقۇپ يىغلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىلتىقلىرىنى تەتۈر ئېسىپ، كىيىملىرىنى تەتۈر كىيىپ ساما سېلىپ پەرياد چېكىدۇ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ ھازا ئاچىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى داستاندىكى مۇنۇ مىسرالاردىن كۆرەلەيمىز:

ئېگىز چىنار يىقىلدى،
گۈلدۇرماما چېقىلدى.
نالە ـ پەرياد ئۈستىگە،
قايغۇ ـ ماتەم قېتىلدى.

مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى
تەتۈر قىلىپ ئېسىلدى.
تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىلىپ،
جىنازىغا يېپىلدى.
تەتۈر كىيىپ ئېگىنىنى،
يولدا ساما سېلىندى.

چاچماق چېقىپ ئاسماندا،
دۇررى مۇنچاق تۆكۈلدى.
گويا قات ـ قات بۇلۇتلار
چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلدى.

دېمەك، ئابدۇراھمان خوجىنىڭ ۋاپاتىغا توقۇلغان ھازا قوشاقلىرى، ھازىدارلارنىڭ كىيىمىنى تەتۈر كىيىپ يولدا ساما سېلىشى، شېھىتلەر ئۈچۈن تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرۈشتەك ئەھۋاللار ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ خوتەن، يەكەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەمدى بىز داستاندىكى باش قەھرىمان ئابدۇراھمان خوجىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالساق، ئۇ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش جېنىنى قۇربان قىلغان مىللىي قەھرىمان، شۇنداقلا مەھكۇملۇقنى خالىمايدىغان، ھۆر ياشاشنى ئىستەيدىغان غورۇرلۇق يىگىت. ئۇ ئۆز خەلقىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. گەرچە ئۇ يۇقىرىقىدەك ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن تىللاردا داستان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىنسان پۇشتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىن مۇستەسنا بولالمىغان، يەنى ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل بولۇپ، باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشتەك پىسخىك ئاجىزلىق قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىغان مەھرىمى، يارىدەمچىسى ئىسمائىل تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغان ۋاقىتتىلا ئۆز خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇپ يېتىپ، قاتتىق ھەسرەتلىنىدۇ:

ۋادەرىخا ! بىر چايانىنى بىلمەيىن ئاسراپتىمەن،
مۇھتەرەم ھاجىم دادامنىڭ ھەق سۆزىنى ئۇقماپتىمەن.
كۆزلىرىم ئويغاق تۇرۇپ غەپلەت ئارا ئۇخلاپتىمەن،
بىر قاۋاننى ئۆز بالام دەپ قەدىرلەپ ساقلاپتىمەن.
ھەق گۇماننى تەرك ئېتىپ، ناھەقنى مەن ياقلاپتىمەن.

داستاندا يەنە بىرنەچچە سەلبىي پېرسوناژ — ئامبال، دوتەي، تەمەخور غالچىلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: ئىسمائىل داستاندىكى ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىق، ئاچكۆز، تەسلىمچى، خائىن ۋە قانخور جاللات بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان تۇزكورلۇقى پۇل - مەنسەپ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان ساتقىن خاراكتېرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، بۇ داستان بىزنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، قاباھەتلىك ئۆتمۈشكە بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى، ئۈرپ - ئادەتلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە يولۇقۇشىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبلەرنى چۈشىنىشىمىزدە بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش جەھەتلەردىمۇ بىزگە چوڭقۇر ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى بېرىپ، مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**
1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.
2. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.
3. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
4. ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)




— نۇرئەلى نۇر يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار

ھەلىمىگۈل ئابلىز

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئىختىرالىرىدىن بىرى بولغان يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ يېزىق ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ كېلىۋاتقىنىغا تېخى بىرنەچچە مىڭ يىل بولدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىگە نىسبەتەن يېزىققا ئېلىنغان بۇ بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخ ئىنتايىن قىسقا تارىخ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ يېزىق بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شۇ دەۋرلەرگە ئائىت ئاسارئەتىقىلەر، تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە ئىزنالار، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار قاتارلىق ئەمەلىي پاكىتلارغا تايىنىشتىن سىرت، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ يېزىق پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى تارىخى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ۋە ساقلىنىپ قالغان. يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تارىخى، تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆز تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر، مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى قاتارلىقلارنى يەنىلا داستان، رىۋايەت، قوشاق، ماقال - تەمسىل قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرى ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بۇ نۇقتىدىن بەلگىلىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بۆرە توتېمىغا دائىر ئەپسانىلەر، تۇمارىس، شىراق، بۆكۈخان، ئوغۇزخان، مەھمۇد كاشغەرىي، ئامانىساخان، تۆمۈر خەلىپە، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم قاتارلىق شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە قوشاقلار، ھون، تېلى قوشاقلىرى، كۆچ - كۆچ قوشىقىغا ئوخشاش تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار، «ئوغۇزنامە»، «ئابدۇراھمان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستانلار تارىخ تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىسى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا توپلىغان مول ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە قىممەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەنگەن، زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە بىلىش رولىغا ئىگە بولغان ئوبرازلىق پەلسەپە دۇردانىلىرى ۋە ئۆلمەس ھەقىقەت جەۋھەرلىرى بولۇپ، ئۇنى يەنە خەلق تۇرمۇشىنىڭ

قامۇسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىخچام قۇرۇلمىسىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، تارىخىي يىپ ئۇچ، شۇنىڭدەك تۈرلۈك مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بەزى ماقال - تەمسىللەر تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا بىزگە ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنى ياكى تارىخىي ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە تارىخقا ئائىتلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىپادىلىگەن مەزمۇن، تەمسىلىگەن تارىخىي يىپ ئۇچلار تارىخ تەتقىقاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مېنىڭچە، تارىختىن ئۇچۇر بەرگۈچى ماقال - تەمسىللەرنى دەۋر جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ماقال - تەمسىللەر. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە ئات مەدەنىيىتى ياكى ئاتقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر بىرەر يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتچىلىق ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تارىخىي ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقاللاردىن «ئات ئۈستىدە كارۋانمەن، جەڭ ئۈستىدە پالۋانمەن»، «ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق»، «ئات ئەر كىشىگە قانات»، «ئاتلىق بولسا ئەسكىرىڭ، جەڭدە بولماس تەس كۈنۈڭ» قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۇرخۇن خانلىقى ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاتچىلىقنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئات ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئات «ئات ياخشى - يول ياخشى» دېگەندەك مۇھىم قاتناش قورالىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، يەنە «ئات ئۈستىدە كارۋانمەن، جەڭ ئۈستىدە پالۋانمەن» دېگەندەك جەڭلەردىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇرخۇن خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن ئاتچىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خانلىقنىڭ ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇ چاغدا ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتى ئۈستۈن بولۇپ، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە: «ئۇيغۇرلار باشقا ئەللەر ياكى قوشنا خانىدانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا دائىم 500 ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن قوشنا ئەلنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى خۇددى غازاڭنى سۈپۈرگەندەك تارمار قىلىۋېتىدۇ» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۇيغۇرلاردىكى «ئاتلىق بولسا ئەسكىرىڭ، جەڭدە بولماس تەس كۈنۈڭ» دېگەن ماقال دەل شۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇرخۇن خانلىقى دەۋرىدە ئات ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قورالى بولۇپ، «ئېتى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەندەك، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى ئاتسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

2. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ماقال - تەمسىللەر. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تات» سۆزىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن «تاتنىڭ كۆزىگە ئۇر، تىكەننىڭ تۈۋىگە» دېگەن ماقالنى نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، «تات — توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار، مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم» ① دەپ خاتىرىلىگەن. يۇقىرىقى ماقالدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر (تات) لارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ دەل قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يولىدا خوتەن بۇددىستلىرى ۋە ئەتراپتىكى باشقا ئەللەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يەنى سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەشقەر، ئاقسۇ رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمى يەتكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇتۇقنىڭ ئوغلى

مۇسا بۇغراخان خوتەن ۋە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. مۇسانىڭ ۋارىسى ئەبۇ ھەسەنمۇ بوۋىسى سۇتۇقنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان. قاراخانىيلار بىلەن خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان. چۈنكى، مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، تېز راۋاجلىنىپ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، خوتەن بۇددىستلىرى ئىسلامغا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغان. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، يۇسۇپ قادىرخان ئاخىرقى ھېسابتا ئىسلامنى خوتەن رايونىغا كېڭەيتكەن. بۇ جەرياندا قاراخانىيلارنىڭ سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى باشقا دىنلارغا مەنسۇپ قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، غەيرىي مۇسۇلمانلارنى زورمۇ زور ئىسلامغا ئېتىقاد قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دىن تارقاتقۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار (تاتلار) ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

كەلدى ماڭا تات، كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
ئېيتتىم ئەمدى يات، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
قۇشقا بولۇپ ئەت، بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
سېنى تىلەر ئۇس، بۆرى②. بۇت ئۈستىگە چىچتۇق③.

ئۇندىن باشقا يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ تۆۋەندىكىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ:

5484. كاپىر ياۋنى يانچى لاۋ ـ لەشكەر بىلە،
تۇتۇپ دىلنى پاك، كۈچنى ھەقتىن تىلە.

5486. ئۆيى ـ مۈلكى كۆيدۇر، بۇتىنى يىقىت،
ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرغىن جامە ـ مىچىت④.

3. سەئىدىيە خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىگە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدە خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ چەكتىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، «ئەۋلىياسى چەتتىن، مۇرىتى ئۆزىدىن» دېگەن ماقال بىزگە خوجىلارنىڭ يۇرتى، كېلىپ چىقىشى ۋە مۇرىت توپلاش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كەلگەن خوجىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ كاسان دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە شاگىرتلىرى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا: «مىلادىيە 1583 ـ يىلى خوجا ئىسھاق كاساندا تۇرالماي يەكەن خانلىقىغا كەلدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ئابدۇكېرىمخان (مىلادىيە 1560 ـ 1591 ـ يىللار) ئۇنى ھەشەمەت بىلەن قارشى ئالدى. خوجا ئىسھاق يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ قىرغىزلىرى ئارىسىدا كەڭ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ يەكەن، پوسكام،

قاغىلىق رايونلىرىدا كۆپلىگەن مۇرىتلارنى توپلاپ، جەمئىي 12 يىل تۇرۇپ، ئۆزىگە مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى»[5]. «مۇھەممەد ئىمىن (مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ ئوغلى خوجا يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپاق خوجا) مىلادىيە 1638 - يىلى نەمەنگاندىن سەئىدىيە خاندانلىقىغا كەلدى. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان خوجا يۈسۈپنى يەر - زېمىن بىلەن تەمىنلىدى. خوجا يۈسۈپ ئۆزىنى «سەئىد» نامى بىلەن ئاتاپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسى دەۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەجدادىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاساندا ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەرەبلەر بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى»[6] دېيىلىدۇ. دېمەك، يەكەن خانلىقىغا قەدەم باسقان خوجىلار چاغاتاي ئەۋلادىدىنمۇ، ئۇيغۇر ۋاڭ - بەگزادىلىرىدىنمۇ بولمىغان دىنىي كەسىپ قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بىر تۈركۈم روھانىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خوجىلارنىڭ «ئاجايىپ كەشپۇ كارامەتلىرى»، «كاتتا نەسەب»لىرى ئالدىدا خانلاردىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە ئۇلارنى «ئەۋلىيا» دەپ چوڭ بىلىپ، ئۇلارغا مۇرىت بولغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە سەئىدخان توغرىسىدا: «مەن ئاقسۇدىن كەلگەن ۋاقتىمدا كۆرگەنىدىمكى، خان ھەزرىتى خاجەئى نۇرەنگە مۇرىت بولۇپ، خاجەلەر تەرىقىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىكەن»[7] دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان خوجىلارغا مۇرىت بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتۇشقان. ئابدۇرەشىدخان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام رايونىدىن كەلگەن كاسان خوجىلىرىنىڭ يەنە بىر پىرى خوجا مۇھەممەد. شېرىپكە قول بېرىپ مۇرىت بولغان، ھەتتا ئۇنىڭغا «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن نامنى بەرگەن. «بۇخارادىن ۋەلى كەلسە، قىرىق يىل بۇرۇن گېلى كېلەر»، «بۇخارادىن كەپتۇ ۋەلى، ئەڭ ئالدىدا كەپتۇ گېلى» دېگەن ماقاللار خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا سىرتتىن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئىنتايىن ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، ئالدامچى ئىكەنلىكىدەك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە «تارىخى ھەمىدىي»دە: «بۇ خوجاملار بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكرى ۋە پىكرى يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللانسا، بەزىدە ئەيش - ئىشرەت، نەغمە - ناۋا ۋە چاي بىلەن بەزمە قىلىپ، نەپسپەرۋەرلىككە شۇغۇللىنىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن پۇقرا ۋە خالايىقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايتتى» دېگەندەك بايانلار ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ سوپىلىرى تېخىمۇ زالىملىشىپ كەتكەن بولۇپ، «ئىشانىمنىڭ سوپىسى — ھەلەپ يېگەن بۆقىسى» دېگەندەك ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردا پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان. خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشكە ئايلىنىپ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ قالغان؛ ھەتتا ئۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، تەبىقىلەر، يېزىلار ۋە يىراق جايلارغىچە كېڭەيگەن. نەتىجىدە پۈتكۈل خانلىق تېررىتورىيىسىنى قاپلىغان خوجىلارنىڭ كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىپ، يەكەن خانلىقى خوجىلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان. شۇندىن كېيىنمۇ خوجىلارنىڭ كۈرىشى توختاپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيگەن. جوڭغارلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھىدايىتۇللا خوجا قورچاق خان قىلىپ تىكلەنگەندىن كېيىن، قانلىق كۈرەش تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، يۇرت ۋە يۇرت خەلقى پىرقە - تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئىچكى نىزالار ئۇلغىيىپ كەتكەن. مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك شۇ دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكتىن ھەتتا قەشقەر، يەكەن قاتارلىق يۇرتلار ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەرمۇ چەكلىنىپ

ئۆچۈرۈلگەن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغان. ھىدايىتۇللا خوجا «ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن تۆكمەن چۈرگىلەتكۈدەك» دەرىجىدە ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملاشقان خوجىلارنىڭ كۈرەشلىرىدە ئىسھاقىيە ۋە ئىشقىيە تەرەپدارلىرى خۇددى لەڭگەرتاق ئويۇنى ئوينىغاندەك، گاھ بىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، گاھ بىرى پەسسىيىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئاپاق خوجىدىن كېيىن ئاقباشخان ئىسىملىك قارا تاغلىق ئىشان يەكەندە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، ئاق تاغلىقلارنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلغان. بۇ ھەقتە «تەزكىرەئى خوجىگان»دا: «ئاقباشخان يەكەندە مىڭ نەپەر دىۋانە ــ سوپىنى تۇتۇپ قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ، قېنىدا تۈگمەن چۆرگىلىتىپ ئۇن تارتىپ يېدى» دەپ يېزىلغان. گەرچە يۇقىرىقى بايان يۈكسەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. دېمەك، ئەينى دەۋردە ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت شۇ دەرىجىدە ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىستېمالىدىكى ئۆزئارا قارشىلىشىپ ئوت بىلەن سۇدەك كېلىشتۈرگۈسىز ھالەتكە يەتكەن ئىككى ئادەم ياكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان «ئۇلار ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كەتتى» دېگەن ئادەت سۆزى دەل ئەشۇ تارىخىي رېئاللىقتىن كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ خوجىلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تېخىمۇ چەكتىن ئاشقان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار موللا مۇسا سايرامىينىڭ قەلىمى ئاستىدا «ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئىشانلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان خوجىلار پۇقرالارنىڭ يىغا ـ زارىنى ئاڭلىمايتتى، ئالۋان ـ ياساق بەك ئېغىر چۈشۈپ پۇقرالارنىڭ كۈنى بەكمۇ غۇربەت ئىدى. ئۇلار ھەتتا كۈندۈزى ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرالماي، چۆل ـ جەزىرىلەرگە مۆكۈنۈۋالاتتى. كەچتە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىپ ئانچە ـ مۇنچە غىزالىنىپ ئاندىن قازان ـ قومۇچلارنى كۆمۈپ قويۇپ، تاڭ ئاتماستىنلا يەنە چۆلگە قېچىپ باراتتى» ⑧دەپ تەسۋىرلەنگەن. «تىللىغىلى بولماس خوجىنى، خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى» دېگەندەك ئاچكۆز، قانخور خوجىلارنىڭ ئەسەبىي قىلمىشلىرى چەكتىن ئاشقان بولۇپ، بىچارە خەلقنىڭ ئاھۇ زارى پەلەككە يەتكەن. قىسقىسى، خوجىلار ھۆكۈم سۈرگەن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بىر جاھالەتلىك دەۋر بولغان. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، نەسەب جەھەتتىن ئاپاق خوجىغا تۇتىشىدىغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار، جاھانگىر خوجا ۋە يەتتە خوجا خوجىلارنىڭ تۇپىلاڭلىرى خەلققە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ خاتىرجەمسىزلىك ۋە زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئومۇمەن، خوجىلار ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قەدەم باسقاندىن تارتىپ تاكى تىنچىتىلغۇچە بولغان جەرياندا خەلق خوجىلار كەلتۈرگەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش تالاي كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. «خۇدادىن كەلسە كەلسۇن، خوجىلاردىن كەلمىسۇن» دېگەن ماقالنىڭ ئەنە شۇلاردىن قالغانلىقى ئېنىق.

4. جۇڭغارلار دەۋرىگە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر. خەلقىمىز ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «جاھاننى ئالدى قۇنتاجى»، «خەنزۇغا سۆز، قالماققا بۆز» دېگەن ماقاللار جۇڭغارلار توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى ۋەقەلەرنى ئەسكە سالىدۇ: 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ ئويرات قەبىلىلىرى ئىچىدىكى جۇڭغارلار كۈچىيىپ، دالاي لاما تەرىپىدىن «ئەردىنى باتۇر خۇنتەيجى» دەپ نام ئالغان جۇڭغار ھۆكۈمرانى قاراخۇلانىڭ ئوغلى خودوخچىن جۇڭغار خانلىقىنى قۇرۇپ، يەتتە سۇ رايونىدىكى بەزى جايلارنى بېسىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن غالدان دەۋرىدە جۇڭغارلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىمالىي ئۇيغۇرلار رايونى، قۇمۇل، تۇرپان، يەكەن خانلىقى، قازاق خانلىقى، تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىغا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى

قوزغىغان. 1682 ـ يىلى جوڭغارلار خوجا ھىدايىتۇللانىڭ باشلىشى بىلەن يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ جايلارنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغان. «جاھاننى ئالدى قۇنتاجى» دېگەن ماقالدىكى «قۇنتاجى» دېگەن بۇ سۆز «قۇنتەيجى» (بەزى ماتېرىياللاردا «خۇنتەيجى» دەپمۇ ئېلىنغان) سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. قۇنتەيجى — موڭغۇل ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن باشلىقى بولۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئويراتلارنىڭ (جۇملىدىن ئويراتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان جوڭغارلارنىڭ) كېيىنكى باشلىقلىرىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. دېمەك، بۇ ماقال بىزگە بىرنەچچە ئەۋلاد ئويرات موڭغۇللىرى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ، يەنى قۇنتەيجىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان جايلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار رايونىغا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك جوڭغارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھىدايىتۇللا خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىگەن ۋە بۇ يەردىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى بۆز ـ خام بويىچە ھېسابلاپ ئالغان. چۈنكى، ئاشۇ يىللاردا توقۇمىچىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونى بويىچە ئەڭ تەرەققىي تاپقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بولۇپ، قول بىلەن توقۇلغان رەختلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بۆز ـ خاملار دەپ ئاتالغان. يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ۋەزىيەت داۋالغۇپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەندە، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا بۆز ـ خاملار ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتە «تارىخى ھەمىدىي»دە: «قالماقلاردىن غالدان سېرىن دېگەن بىر كىشىگىمۇ چوڭ مەنسەپ بېرىپ، يەنە بىرقانچە قالماقنى يار ۋە ھەمدەم قىلىپ، يەتتە شەھەر ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىلدى. قالغان قالماقلار بولسا ئىلىغا ياندىغان بولدى. بۇلار قۇرۇق يېنىشنى مۇناسىپ كۆرمەي يۇرت ـ يۇرتلاردىن بۆز ـ خام يىغدۇرۇپ، قالماقلارغا ئەھۋالىنىڭ يېتىشىچە تەقدىم ۋە ئىنئام قىلدى. لېكىن، بۇ چاغلاردا يەتتە شەھەردە پۇل يوق ئىدى، پۇلنىڭ ئورنىدا بۆز ـ خام ئىشلىتەتتى. قالماقلار ھەر يىلى بۇنداق بۆز-خامنى تەمە قىلاتتى، بەرمەي بولمايتتى، بۇ سېلىق ـ تۆلەملەرنىڭ مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. ئۇ زاماندا بۇنداق يامان ۋە نالايىق مەجبۇرىيەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى» ⑨دېيىلگەن. «خەنزۇغا سۆز، قالماققا بۆز» دېگەن گەپ دەل شۇنىڭدىن قالغان بولۇپ، بۇ جوڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزگەن سىياسەت ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، خەلقىمىز ئارىسىدا يىراق قەدىمدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ماقال ـ تەمسىللەر قارىماققا بىرنەچچە ئېغىز ئاددىي سۆزدەكلا كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە يىلتىزى چوڭقۇر. گەرچە ماقال ـ تەمسىللەر بىزنى مەلۇم دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدا ئېنىق ۋە كونكرېت يىلنامە ياكى كونكرېت مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە يۈز بەرگەن خىلمۇخىل تارىخىي ۋەقەلەر، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلقنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تارىخىي ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال ـ تەمسىللەر خەلقنىڭ ئاغزاكى تارىخى ھېسابلىنىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ تەتقىقاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 409 ـ بەت.

③ ② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي

1 ـ نەشرى، 51 ـ، 448 ـ بەتلەر.

④ يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1123 ـ، 1125 ـ بەتلەر.

⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 974 ـ بەت.

⑥ ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 251 ـ بەت.

⑦ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 861 ـ بەت.

⑧ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 1 ـ قىسىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 849 ـ بەت.

⑨ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 130 ـ، 131 ـ بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



مەزمۇنى:

تەمكىن بولغان غەمكىن بولماس.

كىمدە يوقكەن ئەقىل، ھىممەت، تەدبىر، پەم،

دېمەك بۇ سارايىغا، چۈشمەس ھېچ ئادەم.

— ھەبىبۇللا ھامۇت زەۋقىي يازغان



# قائىدە ـ يوسۇن مىللىي ئۆرلۈكنىڭ جۇلاسى

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

*قائىدە ـ يوسۇن قاسراق ئەمەس تاشلىۋەتسە بولۇۋېرىدىغان،*
*ئۇ دىگەن روھ، چىقىپ كەتسە قۇرۇق گەۋدە قالىدىغان.*
*ــ خاتىرەمدىن*

## قائىدە ـ يوسۇن ئاستىدا يارىتىلغان دۇنيا

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ــ ئىنسانلار تۈمەنلىگەن رەڭگارەڭ قائىدە ـ يوسۇنلار چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ شەكلى ياكى پوستىدىلا نامايان بولماستىن، بەلكى مەزمۇنى ۋە مېغىزىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تاشقى بېزىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا ئىنسانلار قائىدە ـ يوسۇننى ياراتقان، قائىدە ـ يوسۇن بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان؛ شۇنداقلا ئىنسانلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇلارغا تايىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ جازىبىدار ھالقىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قائىدە ـ يوسۇن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مۇنتىزىم قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتنى بۇگۇنكىدەك بىر پۈتۈن تەرتىپكە ئىگە قىلغان، كۈچلۈك كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قائىدە ـ يوسۇنلار ئۆز رولىنى يوقاتسا، مۇنتىزىم خەلقئارا قانۇن ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. قائىدە ـ يوسۇنلار بۇزۇلسا، جەمئىيەت ئۆز كونترول دەستىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ، گۈزەل ھۆسن ـ جامالىمۇ خۇنۈكلىشىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكەت ـ پائالىيىتىنىڭ بېزىكى ۋە كۆركى ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ناھايىتى مۇكەممەل، كۆپ قاتلاملىق، رەڭگارەڭ قائىدە ـ يوسۇنلار ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلار دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، سودا مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردا ئەڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ھەممىزگە مەلۇمكى، ھەربىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ رەئىس جۇمھۇرى يەنە بىر دۆلەتكە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىغا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە شۇ دۆلەت ئۇ رەئىس جۇمھۇرنى ئۆزلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە كۈتۈۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ رەھبەر بىرەر ئىشتا ساھىبخانا دۆلەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ قويسا، شۇ دۆلەتنى كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇنغا ئەمەل قىلىش مەيلى دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بارلىق پۇقرالارنىڭ ئاڭلىق ھالدا قاتنىشىشى ۋە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىمى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم بىر قائىدە ـ يوسۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جۇڭگو پۇقرالىرىغا يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى، بۇ جەرياندا بېرىلگەن قۇربانلارنى ئەسلىتىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىشمۇ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇن بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردە ئومۇملاشقان. دۆلەت بايرىقى ھاكىمىيەتكە، مۇستەقىللىققا، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ۋە غەلىبىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۆلەت بايرىقى چىقىرىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى جان تىكىپ قوغداش، دۆلەت ۋە خەلققە سادىق بولۇش ھېسسىياتى ئويغىتىلىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يېڭى يىلنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭمۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئامېرىكىدا ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يەنى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى ۋاشىنگتوننىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېڭى يىلنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇ پائالىيەت ئارقىلىق دۆلەت ئاتىسىنى ياد ئېتىدۇ، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ. ئامېرىكىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مارتىن لوتتېرنى خاتىرىلەش كۈنى، لىنكولىننىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش كۈنى دېگەندەك خاتىرە كۈنلىرى بار. بۇ پائالىيەتلەردە نېگىرلارنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكى خاتىرىلىنىپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى تەبرىكلىنىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر پەقەت ئاددىيلا بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ئىنسانىي ھوقۇق، مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ۋە تىنچلىقنىڭ خاسىيىتىنى، ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي بىرلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇتىدۇ. كىشىلەر شۇلار ئارقىلىق بۇ يولدا جان پىدا قىلغان قەھرىمانلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خەلق قان كېچىپ كۈرەش قىلىدۇ، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان

ئادەملەر ئۆز ھاياتىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىدۇ، ھەددى ـ ھېسابسىز بەدەل تۆلىنىدۇ. ئەگەر ۋارىس ئەۋلادلار ئەجدادلىرىغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرسە، ئۇلارنى سېغىنسا، قەلبىدە ئۇلارنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستىكى ئويغانسا، ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. دېمەك، ئاشۇنداق پائالىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەت، خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىدىغان مىليونلىغان پىداكارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلار خاتىرىلەنمەي، ئۇنتۇلۇپ كەتسە، ئەجدادلارغا ئاسىيلىق قىلغانلىق، ئۇلار ياراتقان باياشات تۇرمۇشقا ناشۈكۈرلۈك، نائىنساپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خىل يامان ئايىنىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ساداقەت، ۋاپادارلىق يالقۇنى ئۆچۈشكە يۈزلىنىدۇ. مىللىي بىرلىك، ئۇيۇشچانلىق ئورنىنى نىزا ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قاپلايدۇ. نەتىجىدە، دۆلەت ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۆلەت گىربى، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا گۈل قويۇش، خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى، پارلامېنت تۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە قائىدە ـ يوسۇنى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ ئىچكى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ دۇنيا قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن شۇنداق گۈزەل ۋە جەلپكار. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇشقا قىممەت ۋە مەنە بەخش ئېتىدۇ.

## قائىدە ـ يوسۇننىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنى

بىز كۆپ ھاللاردا قائىدە ـ يوسۇننى ئۆرپ ـ ئادەت مەنىسىدە چۈشىنىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئىبارە ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە، مەزمۇن ئوخشاش ئەمەس. بىز توختىلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن مەنە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەرەبچە «ئۆرپ» دېگەن سۆزگە باراۋەر كېلىدۇ. «ئۆرپ ـ ئادەت» بىرىكمىسىدىكى «ئۆرپ» سۆزى ئەرەب تىلىدا «تونۇش، بىلىش، چۈشىنىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قانۇن» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. «ئادەت» بولسا بىر مىللەتنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش، ئۆي ـ روزغار تۇتۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىدە ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن مىللىي ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە ئۆرپ بىلەن ئادەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئادەت ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي قانۇن، يەنى «يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قانۇن» بولالمايدۇ. بىراق، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قائىدە بىلەن يوسۇن تەڭداش ئۇقۇم بولۇپ، «ئۆرپ» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتكە خىلاپلىق قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق جامائەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، قائىدە ـ يوسۇن بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز بېيىپ، تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقان، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇ مىللەت ئەزالىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان، بىر

پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ئۆلگىلىك ھەرىكەت ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە ئەنە شۇ قائىدە ـ يوسۇن ئىچىدە ياشايدۇ. بىر ئادەم يەككە ـ يېگانە ھالدا قائىدە ـ يوسۇن بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي قائىدە ـ يوسۇنىمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى شەخسكىمۇ تەۋە بولمايدۇ. شەخسنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان ئىش ـ ھەرىكىتىنى شۇ ئادەمنىڭ شەخسىي ئادىتى دەيمىز. ئەگەر بىر ئادەم مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئادىتىگە خىلاپلىق قىلسا، ئەيىبكە ئۇچرىمايدۇ؛ بىراق قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئەيىبكە ئۇچرايدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت دېگەندە، بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، سوتسولوگىيە، دىنشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇندىن مۇستەسنا ھېچقانداق مىللىي مەدەنىيەت بولمايدۇ.

تار مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت دېگەندە، دەل بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن دېگەندە، كەڭ مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مىللەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئومۇمىي قائىدىگە ۋە مىللىي يوسۇنغا ئايلانغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولسىمۇ، لېكىن قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولمايدۇ. ئادەت ئۆزگەرسە سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بەرمەيدۇ، بىراق قائىدە ـ يوسۇن ئۆزگەرسە سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، ھۈنەر ـ سەنئەت بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇلارنى تەشكىل قىلىدىغان ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك... قاتارلىقلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېتىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي بۆرچىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن. بىراق، مىللەتنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى، ئۇنى ئۇلۇغ بىلىش، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، قىممەت قارىشى، ئېستېتىك ئېڭىغا ئاساسەن ئۇنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا چېكىنىش خاراكتېرلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. شەھەرلىشىشكە ئەگىشىپ قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىدا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىنى تاشلىۋەتسەك، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر ئەنئەنىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىمىز. بۇ بىزگە نۇرغۇن مەھرۇملۇقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى

بىر دۆلەتتە ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل دىن مۇخلىسلىرى بىرگە ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكى كىشىلەر بىر گەۋدە

بولۇپ ئۇيۇشقان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق جەمئىيەتتە قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئالدى بىلەن مۇشۇ گەۋدىگە ھامىي بولغان دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئۇلارغا دۆلەتنىڭ بارلىق پۇقرالىرى بىردەك ئىشتىراك قىلىدۇ، ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئايرىلمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئوردىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئاۋامنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەلگەن. ئوردا قائىدە ـ يوسۇنلىرى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ئۇلارغا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئوردىلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، دەپنە قىلىش، ئاۋامغا ئاش تارتىش، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە قاتارلىقلار توغرىسىدا مەخسۇس قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «خىزمەتكە ياراپ يول ئاچاي دېگەن كىشى ئىشنى كىچىكىدىن باشلىشى، كىرىش ـ چىقىش، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش بولسۇن، قائىدە ـ يوسۇنلارنى پۇختا ئىگىلەپ ھەرىكىتىنى تۈزىتىشى لازىم. بەگلەر يۈز تۇرغاندا ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ئەيمىنىش بىلەن تۇرغىن، ئىش ھەرىكىتىڭنى تۈز قىل، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ تۈز، سۆزۈڭ قىسقا بولسۇن. كۆزۈڭ يەردە، قولىقىڭ تۆردە بولسۇن، ئىككى پۇتۇڭ تۈز تۇرسۇن، ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قول باغلاپ تۇر. ئىشىكتىن ئوڭ پۇتۇڭنى ئېلىپ كىرىپ، ئەمر ـ پەرماننى زېھىن قويۇپ ئاڭلا. بەگلەرگە ئىلتىماس قىلغاندا، ئىككى قولۇڭنى تاشلاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ ـ سولغا قارىماي ئەدەپ بىلەن سۆزىنى ئاڭلا». ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلار دۇنيادىكى بارلىق ئوردىلاردا ئۆزگىچە ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئوردا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك تۇيغۇسى، تەبىئىي ـ ئىجتىمائىي مۇھىتى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا بارا ـ بارا ئومۇملىشىپ، پۈتۈن مىللەت ئەزالىرى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي قانۇن ـ ئىنتىزامغا ئايلانغان بولىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئومۇمىي جامائەتچىلىك ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان ئىجتىمائىي قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئائىلىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدە ـ يوسۇنلار جامائەت سورۇنلىرىدا رول ئوينايدۇ. ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولسا خاس ئائىلىنى مەركەز قىلىدۇ ۋە شۇ يەردە ئىجرا قىلىنىدۇ. پۈتۈن مىللەت ئەزالىرى قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئائىلىدە ئۆگىنىدۇ، ئاز بىر قىسمىنى بولسا جەمئىيەتتىن ئۆگىنىدۇ. ھەربىر جەمئىيەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئائىلە ۋە شەخس قاتناشقاچقا، ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قاتنىشىدۇ، بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلىنىڭ ئىجراسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئائىلىنى بىرلىك قىلغان

قائىدە ـ يوسۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئائىلە بىر مىللەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بۆلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇرلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىللەت

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا، جۈملىدىن قائىدە ـ يوسۇن تارىخىغا ئىگە مىللەت. ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس مول قائىدە ـ يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس ئىجتىمائىي قانۇنىغا ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن قوۋم بولۇپ ئۇيۇشقان ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ.

بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئەمەل قىلىپ كەلگەن قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىر مىللەت قائىدە ـ يوسۇنسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيىتىمۇ بولمايدۇ. بىز مەدەنىيەتنى مىللىي خاسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرستىدۇ. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇن مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن ئىز سالمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. قوشۇقتا تاماق يېيىش ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بىرى، تاماقنى چوكىدا يېيىش بولسا خەنزۇلارنىڭ، ۋىلكا ئىشلىتىش بولسا غەربلىكلەرنىڭ تاماق يېيىش ئادىتى. بۇلار ئادەتتە كىچىك ئىش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۆز نۇقتىسىدە شۇ مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قارىساق، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى شەكىللەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئادىتىگە ۋە ئىجتىمائىي قانۇنغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. دىيارىمىزدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئۆز دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىز قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ رەڭگارەڭ، مەزمۇنىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، تۇرمۇش ئاساسى ناھايىتى چوڭقۇر. بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىگە باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بۆرىنى قۇت بەلگىسى قىلىپ ئۇلۇغلاش ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئەقىدە ئىدى. بىراق، بۇ ئەقىدە كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىر ئۇيغۇرلاردا بۆرىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى بولمىسىمۇ، بىراق بۆرە ئوشۇقىنى ئۇلۇغ بىلىش ئادىتى بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار

ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۆرە ئوشۇقىنى ئامەت كەلتۈرىدۇ، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، خېيىمخەتەردىن ساقلايدۇ، دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىن تەگكەنلىك ئەسىرى كۆرۈندى دەپ «ئوتلاش»، سوپكوچلەش ئادىتى زەردۇشت دىنى ۋە شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرلار ئۇنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مىللەت دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى قائىدە ـ يوسۇننى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. ئۇلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئادەمنى تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دەپ قارىسا، قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان ئادەمنى تەربىيە كۆرمىگەن، قارا قورساق ئادەم دەپ قارايدۇ. يۇرتلاردا قائىدە ـ يوسۇن پېشۋالىرىنى يۇرتنىڭ چوڭى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ مۇتىۋەر جامائەتنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلارنى قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ھەل قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا قائىدە ـ يوسۇنغا بويسۇنۇش بەختلىك تۇرمۇشنىڭ، ئىشلىرىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنىڭ بىر شەرتى دەپ قارالغاچقا، ھەربىر ئىشنىڭ قائىدىدىن چەتنەپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپ ھەرقانداق ئەلگە كىرگەندە، ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بويسۇنۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا، ئۇلارغا قىز بولسا قىزلارغا خاس، ئوغۇل بولسا ئوغۇللارغا خاس قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگىتىدۇ. ھەتتا، تاماق يېگەندە ئوڭ قول بىلەن يېيىش، ئۆيدىن تالاغا چىققاندا بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى ئېلىپ چىقىش، ئۆيگە كىرگەندە، جامائەت سورۇنلىرىغا بارغاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشتىن تارتىپ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشنىڭ ھەممە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغىچە ئۆگىتىدۇ ۋە شۇلارغا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن تەربىيىلىمىگەن بولسا ئەيىبلىنىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن ئۇقمايدىغان بالىلارنى جامائەتمۇ ئارىسىغا ئالمايدۇ. چۈنكى، قائىدە ـ يوسۇن پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە ئەلگە نىسبەتەن ھۆرمەت، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. قائىدە ـ يوسۇندىن چەتنىگەن پەرزەنتلەرنىڭ قەلبى ئەلدىن يىراقلاپ كېتىدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۆرۈ» دەپ ئاتالغان. تۆرۈ دېمەك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەل قىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈم دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارا ـ بارا دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىمۇ «تۆرۈ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆرۈنى ھەم دۆلەت قانۇنى مەنىسىدە، ھەم ئاۋامنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى مەنىسىدە تىلغا ئالغان:

6489. ئاژۇن بولدى ئاخىر تۆرۈ ئارتادى،
ئەسىزلەرىگ ئەدگۈ كۆرۈ ئارتادى.

(قائىدە ـ يوسۇن بۇزۇلۇپ، دۇنيا ئاخىرلاشتى، يامانلارنى كۆرۈپ، ياخشىلارمۇ ئايندى.)

كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلار ئىنتېرنېت بېكىتى turkitap.com

6491. ئوغۇل ـ قىز كەمشتى ئاتا ھۆرمەتى،
سۆكۈش بولدى ئەركە ئاۋۇچغا ئاتى.

(ئوغۇل ـ قىز ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلاشتى، «قېرى» دېگەن نام ئەمدى ئۇلارغا ھاقارەت بولۇپ قالدى.)

6492. قامۇغ تەگشۇرۇلدى تۆرۈ ئۆگدىلەر،
قارالى ئۆرۈڭلى بىر ئۆك بولدىلەر.

(قانۇن ـ قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپ كەتتى.)

يۇقىرىقى بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان تۆرۈ ئىجتىمائىي قانۇن ھېسابلىنىدىغان ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە ئەينى دەۋردە قائىدە ـ يوسۇننىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن زامان ئاخىرلاشقاندەك ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىنى؛ مىللەتنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى تەرك ئېتىلىپ، قېرىلار ھاقارەتلەنگەن ۋە خارلانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇلاردىن باشقا يەنە جەمئىيەتنىڭ قورغىنى بولغان قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن يۈز بەرگەن نۇرغۇن بۇزۇلۇشلارنى تىلغا ئالغان: «قارا، مەي بىلەن يۈز يۇيىدىغان پاسىقلار باتۇر ئاتىلىدىغان، پىتنە ـ پاساتچىلار ئەر ئاتىلىدىغان، تەقۋادار، دىيانەتلىك كىشىلەر مۇناپىق دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا ئۈستۈنلۈكنى ئالدى؛ ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى، كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق پۇل ـ ئەمەل ئۈچۈنلا بولدى. ھەقىقەت ئۈچۈن توغرا ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ نامىلا قالدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار قالمىدى، نەسىھەت قىلىدىغان سۆزلا قالدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار قالمىدى. سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇدى. ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسىھەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى، كىمدە كۈمۈش بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى». مانا بۇ مىللەتنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرى زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانلىقى سەۋەبلىك يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي تراگېدىيە ئىدى. ئەسلىدە خەلق ئۆزىنىڭ قىممەتلىك يوسۇنى بويىچە چوڭلار ۋە ئاقىللىرىنى تۆرگە ئالسا، ئىشنىڭ بېشى قىلسا، دانا مەسلىھەتلىرىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشسا، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن بولاتتى.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدە «ئەل قالار، تۆرۈ قالماس» («تۈرك تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 305 ـ بەت) دېگەن بىر ماقال بار ئىدى. بۇ ماقالدا تىلغا ئېلىنغان تۆرۈمۇ ئوخشاشلا قائىدە ـ يوسۇننى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ماقالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، دۆلەت يوقالسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇن يوقالمايدۇ، ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. خەلق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، شۇ خەلقنىڭ

قائىدە ـ يوسۇنى مۇقەررەر مەۋجۇت بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توپ گەۋدىسى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتنىك تەركىبىگە نۇرغۇن تەركىبلەر ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ جەرياندا مىللەت بېشىدىن نۇرغۇن قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزدى، بىر دەۋردە قەد كۆتۈرگەن بولسا، يەنە بىر دەۋردە تىز پۈكتى، شۇنداقلا نەچچە قېتىملىق دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما، بىر قىسىم قائىدە ـ يوسۇنلار شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەر جەريانىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشى بىلەن مىللىتىمىز نەچچە مىڭ يىللىق ئەگرى ـ توقاي تارىخىي مۇساپىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا مىللىتىمىز ئەزالىرىنى ئۆز ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغانىدى.

## قائىدە ـ يوسۇن مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى

قائىدە ـ يوسۇن بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەۋجۇتلۇق شەكلى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ نامايەندىسى، مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىمى. ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى مەلۇم بىر مەركىزىي نۇقتىدا ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ مىللەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە تەدرىجىي شەكىللىنىپ، بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ، شۇ مىللەت ھاياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تارىختا قايسى مىللەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلغان بولسا، شۇ مىللەت قۇدرەت تاپقان؛ قايسى مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى زەئىپلەشكەن بولسا، شۇ مىللەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. قائىدە ـ يوسۇن مىللەتنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەت ئەزالىرى قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزان ۋە ئىنتىزام ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان قوۋمىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن چەمبىرىكىگە تەۋە بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، ۋايىغا يېتىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپلا بۆشۈككە بۆلەنسە، ھايات مۇساپىسى ئاخىرلاشقاندا يەنە بىر بۆشۈككە بۆلۈنۈپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئۆز قوۋمىغا تەۋە بارلىق قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگىنىدۇ. بىز ھازىر قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى بەزىدە مەدەنىيەتلىك مىللەت سۈپىتىدە قوللىنىمىز. قائىدە ـ يوسۇنغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مىللەت دېگەندە، ئۇنى مەدەنىيەتسىز، ياۋايى مىللەت دەپ چۈشىنىمىز. بىز كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى بىلىملىك ياكى بىلىملىك ئەمەسلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قائىدە ـ يوسۇن بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيمىز. بىز ئۇيغۇرلاردا يەنە مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن يىراقلاشقان ئادەم گەرچە پروفېسسور، دوكتور بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئاۋام ئارىغا ئالمايدۇ. قائىدە ـ يوسۇن

مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ مىللىي روھىنى ئويغىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا كۈچلۈك مىللىي روھ سىڭگەن بولىدۇ. قايسى مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بارلىق مىللەت ئەزالىرى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان مىزانغا ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.

كىشىلەر دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمىسۇن، ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە توپ بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ. ئادەتتە، بىر مۇسۇلمان «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن سالىمى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايلىرىدىن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىنى تاپالىغانغا ئوخشاش، مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئۆز مىللىي قېرىنداشلىرىنى تاپالايدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز داھىيلىرىغا، قەھرىمانلىرىغا، ئالىم ـ تۆھپىكارلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يوسۇنى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مىللىي قەھرىمانلىرى، تۆھپىكار ئالىملىرى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك قەبرە ـ گۈمبەزلەر ياساپ، ئۇلارغا تاۋاپ قىلىپ كېلىشكەن. بۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا «ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلىسا، بەختلىك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا «ئۇلۇغقا تېۋىنسا قۇت كېلۇر» دەيدىغان قەدىمىي بىر ماقال بار. بۇ ئۇلۇغلارغا چوقۇنۇشنىڭ مىللەتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇن مىللەت ئەزالىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قائىدە ـ يوسۇن كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئەخلاق قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. قائىدە ـ يوسۇنغا سەل قارالسا، كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشى سۇسلىشىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كىشىلەر قائىدە ـ يوسۇن ئارقىلىق ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان، مىللەتنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ.

## زامانىۋىلىشىش ۋە ياتلىشىش

تەرەققىي قىلىش، مەدەنىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، شۇنىڭدەك شاللىنىشمۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئەسلىدىن ئالغاندا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەر مەدەنىيلەشكەنسېرى قائىدە ـ يوسۇن سۇسلىشىپ، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ بارماستىن، بەلكى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ، بېيىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ئومۇرتقىسىغا، كىشىلەرنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىنتىلدۈرىدىغان، جەلپ قىلىدىغان گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز گۈلخانغا ئايلانماي، ئەكسىچە تۇتۇندەك كىشىلەرنى ئەتراپىدىن تىزىتىۋېتىپ بارىدۇ. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيلىشىپ كېتىپ، قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتقا ياندىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟! بىز بۇ سوئالغا مۇنداق ئىككى نۇقتا بويىچە جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن:

بىرى، قائىدە ـ يوسۇن ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنىڭ يېڭىلىنىشىغا، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە شەھەرلىشىشكە ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. بىر مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە ئىلغارلىرىمۇ، قالاقلىرىمۇ، ھەتتا

ئىنسانىيلىقتا يات قەبىھ قائىدە - يوسۇنلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، قۇلدارلىق ۋە فېئودالىلىق دەۋرلەردىكى پادىشاھلار ئۆلسە، ئۇلارغا قوشۇپ نۇرغۇن قۇل - دېدەكلەرنى دەپنە قىلىش، دادىسى ئالغان خوتۇننى ئوغلى خوتۇن قىلىش، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈش، ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك قاتارلىقلار. ئىنسانلار باراۋەرلىككە، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات، تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان، ئىلىم - مەرىپەتنى بوغىدىغان قائىدە - يوسۇنلاردىن قەتئىي ۋاز كېچىش كېرەك. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ كىشىلەرنى تەركىدۇنيالىقتا باشلايدىغان، نىكاھ مۇقەددەسلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان، خۇراپىيلىقتا ئۇندەيدىغان بىر قىسىم قائىدە - يوسۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقىمىزنى بىر دەۋرلىك تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قائىدە - يوسۇنلار ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ، تەرەققىيات تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، مەجبۇرىي يوسۇندا يولغا قويۇلغان قائىدە - يوسۇنلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بارا - بارا ئەمەلدىن قالدى.

ئىككىنچى، قائىدە - يوسۇنغا كونا، يېڭى دەپ ئۆلچەم قويمايمىز؛ پەقەت ئىلغار، قالاق دېگەن ئۆلچەمنى قويىمىز. مەسىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە ئىلىم سۆيەرلىكنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى دېسەك، ئۇنى كونا دەپ ئورنىغا باشقا بىر ئەنئەنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟ قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقى خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشقان - ئۇيغۇنلاشمىغانلىقى، كىشىلەرگە ئېسىل خىسلەت ئاتا قىلغان - قىلمىغانلىقى، تەرەققىيات تەلپىگە، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ياندىشقان - ياندىشمىغانلىقى، تۇرمۇشقا گۈزەللىك، يېڭىلىق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيىتىمىزدە قائىدە - يوسۇندىن ياتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ مىللىي روھنىڭ سۇسلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، تارىختىن بېرى مەۋجۇتلۇق ئاساسى سۈپىتىدە رول ئويناپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىدىن ياتلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. روشەنكى، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش مەدەنىيلىشىش ئەمەس. ھەقىقىي مەدەنىيلىشىش ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ۋە مىللىي قىممەت ئاتا قىلغان، ھاياتنى، تۇرمۇشنى، ۋەتەننى سۆيۈشنى ئۆگەتكەن، قەلبىنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغارغان، ۋۇجۇدىنى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بىلەن بېزىگەن قائىدە - يوسۇنلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزى قائىدە - يوسۇنلىرىمىز، بولۇپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ كېلىۋاتقان يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئەنئەنىمىزگە، ئەقىدە - ئېتىقادىمىزغا، ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزگە زىت چاكىنا يوسۇنلار ئىگىلىۋالغىلى تۇردى. بىز بەزىدە ئۇنى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى دەپ چۈشىنىۋالدۇق. بۇنداق تەتۈر يۈزلىنىش مىللەتنى تۈزىمەيدۇ، ئەكسىچە بۇزىدۇ.

ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلاردىن ياتلىشىش، ئۆزىمىزگە يات بولغان يوسۇنلارنى قارىقويۇق قوبۇل قىلىش بىر دولقۇنغا ئايلاندى. بۇ دولقۇن ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، مەن - مەن دېگەن كىشىلەر ئېغىزىدا: «زامان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن، ئاجايىپ - غارايىپ قائىدە - يوسۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىنغان بىلەن ۋاقتى كەلگەندە، ئۆزلىرىمۇ شۇ غەيرىي قائىدە - يوسۇنلارنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا مۇنداق ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنىڭ كۈنسېرى تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى، تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشتى، جايلارنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتى ئاشتى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىككىنچى، شەھەرلەر كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان سەھنىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك، شەھەرلەشكەنلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە بۇلغىنىش، تىلدا بۇزۇلۇش ئېغىر بولدى.

ئۈچىنچى، زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتى قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى ئاۋام مائارىپىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆگىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قائىدە - يوسۇنلىرىمىز ئۆز ئىجراچىلىرى ۋە ئوبيېكتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

تۆتىنچى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇزاقتىن بېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى مەلۇم تەرتىپكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلار بىلەن سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن غەيرىي قائىدە - يوسۇنلار ئارىسىدا قايمۇقۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتا ئېنىق چۈشەنچە يوق. ئەسلىدە يېڭى قائىدە - يوسۇنلارنى مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلىرى ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى شالللۇېتىپ، مېغىزىنى تاللىۋالغان بولساق، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۆزگىرىشىگە ماس كېلىدىغان يېڭى قائىدە - يوسۇنلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيتتۇق. ئەمما، بىز ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئىلاجسىزلىقىمىزنى ئىپادىلەش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق. ئۆتكەنكى دەۋرلەردە قائىدە - يوسۇنلىرىمىز بۈگۈنكىدەك كەسكىن سىناققا دۇچ كەلگەن ئەمەس. چۈنكى، تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى بۈگۈنكىدەك تېز بولمىغان. مانا يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆز نۆۋىتىدە بەزى قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدە - يوسۇنلارنى تاڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم مىللىي ئېڭى تۆۋەن ۋە يات مەدەنىيەت ئامىللىرىغا قارىتا ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز كىشىلىرىمىز «چەت ئەلنىڭ ئوسۇرۇقىمۇ ئەتىر پۇرايدۇ» دېگەندەك، ئۆزىمىزگە يات قائىدە - يوسۇنلارغا مەپتۇن بولدى. بۇ ئەھۋال كۆپرەك شەھەرلەردە گەۋدىلىنىپ، بارا - بارا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، ھەتتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى قائىدە - يوسۇنلىرىمىز بارغانسېرى ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئىلگىرى ئۆيىمىزگە مېھمان كەلسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ ئاندىن داستىخان سالاتتۇق. بۇ بىزنىڭ مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بولۇپمۇ شەھەرلەردە مېھماننى ئۇدۇل داستىخانغا باشلايدىغان بولدۇق، ئۇنىڭ قولىنىڭ پاكىز ياكى ئەمەسلىكى بىلەن كارىمىز يوق، بەزىدە ئۇنى ئۇدۇل قول يۇيىدىغان يەرگە باشلاپ قويىمىز. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، جەمئىيەت قانچىلىك تەرەققىي قىلمىسۇن، ئۆز رولىنى

جارى قىلدۇرۇۋېرىدۇ، كىشىلەرگە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى مەدەنىي بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. بىز گەرچە نۇرغۇن جەھەتتە دۇنيانىڭ ئاسپىكتىدا قالغان بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادىكى خېلى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدىنمۇ ئېلغار قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىمىزدىن گۇمانلانمايمىز. ئۇ قائىدە - يوسۇنلار ئۇيغۇرلار ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى يۇكسەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى سىڭگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بۇۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان قائىدە - يوسۇنلىرىمىز خېلى - خېلى مىللەتلەردە يوق، ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك باي ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمەس. بوۋاق دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن يۈرگۈزۈلىدىغان كىندىكىنى كېسىش، ئېغىزلاندۇرۇش، بۆشۈككە بۆلەش، ئىسىم قويۇش، بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىچە قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىنى، ھاياتلىقنى ئۇلۇغلاش قارىشى سىڭگەن. ئىنسانغا كامالەت، بەخت - سائادەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەشمۇ كونىلىقمۇ؟ بۇ زاماننىڭ كەينىدە قالغانلىقمىزمۇ؟ ياق، بۇ قائىدە - يوسۇنىمىز ئىنساننىڭ توپ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

## قائىدە - يوسۇننى قوغداش مۇھىم مەسئۇلىيەت

ئۇيغۇرلار گەرچە مۇكەممەل قائىدە - يوسۇنغا ئىگە مىللەت بولسىمۇ، دەۋر تەرەققىياتى، ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئۇيغۇر قائىدە - يوسۇنلىرى ئۆزىنىڭ يارقىن جۇلاسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق ياتلىشىش يالغۇز توي - تۆكۈن، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىدىمۇ، ساداقەتسىزمۇ، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان مۇھەببىتىدىمۇ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇن تەرەپدارلىرى بىلەن ئەنئەنىدىن چەتنىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن بۆلۈنۈش شەكىللەنمەكتە. ھەتتا بەزى ياشلاردا ياتلىشىش ۋە ئاينىش شۇنچىلىك ئېغىر بولۇۋاتىدۇكى، ئۇلار ھەتتا مىللەتنىڭ ئەڭ ئېسىل بايلىقى ۋە مەۋجۇتلۇق تۈۋرۈكى بولغان ئانا تىلدا سۆزلەشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلايدۇ، بەزىلىرى ئانا تىلدا مەقسەت - مۇددىئاسىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئەگەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى شۇ مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولسا ھەمدە ئۇ ھەربىر مىللەت ئەزاسىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاشىدۇ دېيىلسە، قائىدە - يوسۇننىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى قۇدرەتنىڭ ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى ئىچىدە نورۇز بايرىمى دېگەن كاتتا بىر بايرىمى بار. بۇ بايرام ئەسلىدە پۈتۈن مىللەت ئەزالىرىنى قاينام - تاشقىنلىق پائالىيەتلىرى قوينىغا تارتىپ كىرىپ، ئۇلارغا خۇشاللىق، ئۈمىد، جۇشقۇنلۇق، ئىشەنچ ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، تەبىئەتنىڭ

ئۇلۇغلۇقىنى، مىللىي بىرلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇراتتى. ھازىر بولسا بىز پەقەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سەنئەت كېچىلىكى ئارقىلىقلا شۇ بايرامنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پائالىيەت ئۆتكۈزمەيمىز. ئەسلىدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئۆزگىچە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولۇپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىگە نورۇز ئېشى تارتىلاتتى، شائىرلار يېڭى باھارنى مەدھىيىلەپ مۇشائىرەلەر ئېيتىشاتتى، ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار، خوراز سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش دېگەندەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىمىزدىمۇ تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مەسىلەن، توينى ئالساق، شەھەرلەردە تويلاشماقچى بولغان قىز ـ يىگىتكە نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن، قىز ئالدى بىلەن پەردازخانىغا بېرىپ، يۈزلىرىنى «زاماسكىلاپ»، قاپاقلىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى بوياقلارنى سۈركەپ، قاش ـ كىرپىكلىرىنى سىرلايدۇ، ئارقىدىن غەربنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىمىنى كىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ «گۈزەل پەرىزاتقا» ئايلىنىدۇ. قىز رېستورانىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، توي باشلىنىشتىن ئىلگىرى يۈزى ئېچىۋېتىلىدۇ. توي باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىز ـ يىگىت ئۇسسۇل ـ تانسىغا چۈشىدۇ. تانسا ئويۇنىغاندا ئەتراپىدىكىلەر قىز ـ يىگىتنى قىزىل لاتا بىلەن باغلاپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا سۆيدۈرىدۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىز ـ يىگىتنى دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمدىلا نىكاھلىق تۇرمۇشقا قەدەم بېسىلغان ئۆيىدە ھاراق ـ شاراب ئىچىپ، بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلىشىپ قايتىدۇ. توي قاتناشچىلىرىمۇ تويلاشقان قىز ـ يىگىتنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت ـ سائادەت، ئۆيىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ ئورنىغا ھاراق ئىچىشىپ مەست ـ ئەلەس ھالدا قايتىدۇ.

ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا كەلسە، ئۆلۈملۈك بولغانلارنى دوست ـ بۇرادەرلىرى رېستورانىغا چاقىرىپ، مەي ـشارابلار بىلەن قارىسىنى ئۇشتۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى.

بىزنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم توغرىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزغا خىلاپ يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئاساسەن شەھەرگە خاس بولسىمۇ، ئەمما بارا ـ بارا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يېڭىلىق شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارغا تارقىلىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يېزا ـ قىشلاقلاردا بولسىمۇ، ئەمما شەھەرلەر ھەرقانداق ئىشتا باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇنداق غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ تۆھپىكارلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش مۇھىم ئەنئەنىۋى پائالىيەت ئىدى. بۇ خىل پائالىيەت كىشىلەرگە ئۈمىد، ئىشەنچ، جاسارەت بېغىشلايتتى؛ ئەۋلادلار قەلبىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل روھىي خىسلەتلىرى بىلەن سۇغىرىشتا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئەمما، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، بۇ خىل پائالىيەتلەر ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر تارىخىمىزدا خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغان قەھرىمانلىرىمىزنى، ئىلىم بابىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان ئالىملىرىمىزنى بىلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىزدە ئاشۇلارنىڭ نامىغا ئاتالغان بىرەر بايرام ياكى باشقا شەكىللەردىكى نەرسىلەر يوق. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بۇنداق مەنىۋى نامراتلىق بارا ـ بارا پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇلارنى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى خاتىرىلەشكە تۇغۇلغان كۈنىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى مۇئەييەن شەكىلدىكى قائىدە ـ يوسۇنغا ئايلاندۇرغان بولساق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەئەللۇق ھەربىر كىشىگە ئۈمىد، ئىشەنچ، روھىي جۇشقۇنلۇق، ئىزدىنىش روھى بەخش ئەتكىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز كۆز ئالدىدىكى رەڭۋاز

دۇنيا ئالدىدا ھودۇقماي، كەلگۈسىگە زور ئىشەنچ بىلەن باقاتتى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ كۈنلەر قاچانمۇ كېلەر؟!

ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قائىدە ـ يوسۇنى ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. پەزىلەت غۇنچىلىرىمىز مانا مۇشۇ قائىدە ـ يوسۇن باغچىسىدا ئېچىلغان. قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ يادروسىنى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئۆملۈك، ھايا، نومۇس، ئەدەپ ـ ئەخلاق، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەت، مېھرىبانلىق قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز يىمىرىلىدىكەن، كىشىلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىمۇ يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە رەزىللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى تۆۋەنلەيدۇ، مەركەزدىن قېچىش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، قائىدە ـ يوسۇنغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئەگەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ھەم ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە بۇلغىنىشلاردىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ كەلگەن كۈچ نېمە؟ دېسە، بىز خەلقىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئۇيغۇرلاردا «ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئارقىدىن بالا كېلىدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. بۇ يەردىكى ھايا ئۇيغۇرلارغا ئىنسانىي خىسلەت ئاتا قىلغان، ئۇلارنى يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشقا، ياخشىلىققا ئۈندىگەن، قەلبىگە پاكلىق ئۇرۇقىنى چاچقان قائىدە ـ يوسۇننى كۆرسىتىدۇ. قايسى ئەلدە نومۇسسىزلىق ئەۋج ئالسا، شۇ ئەل پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ قايسى ئائىلىدىن نومۇس كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، شۇ ئائىلە بەختسىزلىككە يۈزلىنىدۇ؛ قايسى ئادەم نومۇسسىز بولسا، شۇ ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قائىدە ـ يوسۇن مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىز قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. قائىدە ـ يوسۇندىن يىراقلاشساق، قۇتتىن يىراقلايمىز. قائىدە ـ يوسۇننىڭ تولۇق ئادا قىلىنىشى بىلەن بەخت قارار تاپقۇسى.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 543 ـ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق)





# ۋەخپىلەرنىڭ تېپىلىشى توغرىسىدا

راجەپ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

«قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىسى ۋەخپىسى»نى تۇرپان ۋاڭلىرىدىن زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە، يەنى 1841 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 57 سانتىمېتىر؛ خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 82 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 34 سانتىمېتىر؛ يۇقىرى قىسمىغا 14 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپىگە 7 سانتىمېتىردىن دائىرىگە ھەل بېرىلىپ، تۆت خىل رەڭدە سىزىلغان رامكىغا ئېلىنىپ، كۆركەم نەقىشلەنگەن. نەقىش گۈللىرى ئارىسىغا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 20 خىل مۆھۈر بېسىلغان. ۋەخپىدە 52 جەمئىي قۇر خەت بولۇپ، ئەرەب ۋە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. بۇ ۋەخپىنى زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ نەۋرىسى ئەھەت ئىدرىس ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، 1981 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابلا يۈسۈپكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئابلا يۈسۈپ بۇ ۋەخپىنى 1989 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەشمىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن ماڭا بەردى. مەن بۇ ۋەخپىنى نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بۇ بىرىنچى قول ماتېرىيالنىڭ يورۇقلۇققا چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇشقانىدى. شۇ ئارىدا قەشقەردىن بىرەيلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىغا ئۆزىنىڭ بۇ ۋەخپىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئەجەبلىنىشى ھەققىدە ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ خېتىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. خەتتە نۇرغۇن سوئاللار بار ئىدى، شۇلارنىڭ ئىچىدە «قەشقەرلىكنىڭ ۋەخپىسى تۇرپانلىقنىڭ قولىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ۋەخپىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ساۋاتسىز بولسا كېرەك، يوق نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنگە ئوخشاش بىرنەچچە جۈملە سۆز مېنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈردى. مەن بۇ ۋەخپە ئۇيغۇرنىڭ قولىدا ساقلانماي، چەت ئەللىكنىڭ قولىدا ساقلانغان بولسا، ئاندىن ئۇ بۇرادىرىمىز بۇ ۋەخپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ۋەخپىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئۇنىڭ باشقا نۇسخىلىرىنى ئىزدەپ تېپىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. شۇ كۈنلەردە، يەنى 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئارسانلىق

مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا خىزمەتكە تەكلىپ قىلىندىم. شۇ يىلى 10 - ئايدا قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى كورلا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاش، تىزىملاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا چۈشتى. ئۇلار خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ خادىمى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇققا «بۇلاق» ژۇرنىلىغا يېزىلغان خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى دەپ، ئۇ ۋەخپە توغرۇلۇق داۋاملىق ئىزدىنىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ قەشقەردە بۇ توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ:

— «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋەخپىدىكى ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئابلا سايىتنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە ۋەخپە شۇ ۋەخپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئابلا سايىت ئاكا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋەخپىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ، قولىدا ساقلىنىۋاتقان ۋەخپىنىڭ قايسى ئورۇننىڭ ۋەخپىسى ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئابلا سايىت ئاكا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋەخپىنى كۆرگەنلىكىنى، لېكىن ئۆزى ساقلاۋاتقان ۋەخپىلەرنىڭ قايسى ئورۇننىڭ ۋەخپىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ ۋەخپىلەرنىمۇ نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدۇرۇش نىيىتىمنىڭ بارلىقىنى دېدىم. ئابلا سايىت ئاكا بۇ ھەقتە ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشنى ئېيتتى ۋە كېيىن ئۆزىنىڭ قولىدىكى ۋەخپىلەرنى نەشرگە تەييارلىشىمغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى ماڭا ئارىيەتكە بېرىدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن 2004 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۈمە كورلىدىكى دوستۇم مەخمۇت ياسىنغا تېلېفون قىلىپ، ئابلا سايىت ئاكىدىن ۋەخپىلەرنى ئارىيەتكە ئېلىش ئۈچۈن كورلىغا بارماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندۈم. مەخمۇت ياسىن مېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ مەن شۇ كۈنى كەچتە كورلىغا قاراپ يولغا چىقتىم. لېكىن، قەلبىمدە ئابلا سايىت ئاكا ۋەخپىلەرنى ئارىيەت بېرىشتىن يېنىۋالارمۇ دېگەن تەشۋىش ھۆكۈم سۈرەتتى. چۈنكى، مەن 20 يىل قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تالاي قېتىم قەدىمكى ئەسەر ساقلىغۇچىلارنى تېپىپ، قولىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئېلىش تۇرماق، كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتقانىدىم.

مەن ئاخىر ئەتىسى ئەتىگەن كورلىغا يېتىپ باردىم. مەخمۇت ياسىن مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۈتۈۋالدى ۋە ئۆيىگە باشلاپ باردى. مەخمۇتنىڭ خانىمى قەمبەرنىسا مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىردەمدىلا ناشتىلىق تەييارلىدى. ناشتىدىن كېيىن مەخمۇت ياسىن مېنى ئابلا سايىت ئاكىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئابلا سايىت ئاكا بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ خانىمى زىلەيخا ھەدە شىرەگە تاتلىق تۈرۈملەرنى مول تىزىپ چاي راسلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ نەزىرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتى. بىز چاي ئىچىشكەچ تۇرمۇش، خىزمەت ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق. ئابلا سايىت ئاكا 1935 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، گەپ - سۆزلىرىدىن مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم سۆيەر كىشى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. سۆھبەتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئالغاچ بارغان «قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىسىنىڭ ۋەخپىسى» ئېلان قىلىنغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنى بېرىپ، مۇقاۋىسىدىكى ۋەخپىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى كۆرسەتتىم. ئابلا سايىت ئاكا ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ ۋەخپىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۆزى ساقلاۋاتقان ۋەخپىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇ چاغدا

ئۇنىڭغا ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان ۋەخپىلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتىم. ئابلا سايىت ئاكا كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كېتىپ، خېلىدىن كېيىن يۆگەپ ئورالغان ۋەخپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ يەشتى. ۋەخپىلەرنى كۆرۈپ پۈتۈن جىسمىمنى ئاجايىپ ھاياجانلىق تىترەك باستى. مەن ئىختىيارسىز ئابلا سايىت ئاكىغا قارىدىم. ئۇنىڭ ۋەخپىلەرنى تۇتقان قولى توختىماي تىترەپ تۇراتتى. مەن ئابلا سايىت ئاكىدىن قولىنىڭ تىترىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ قولىنىڭ يۈرەك تىقىلمىسى سەۋەبىدىن تىترەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم باشقىچە بولدى. شۇنداقتىمۇ مەن ۋەخپىلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم.

بۇ ئىككى پارچە ۋەخپە ئاپاق خوجا مازىرىغا ئائىت ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى تۇرپان ۋاڭلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ قەشقەرگە ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، يەنى ھىجرىيە 1241 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 15 - كۈنى( مىلادىيە 1825 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) پۈتۈلگەن. بۇ ۋەخپىنىڭ كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 230 سانتىمېتىر؛ خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ كەڭلىكى 34 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 222 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ھەرخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك 34 مۆھۈر بېسىلغان. ۋەخپىلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا ، تۇرپان ۋاڭلىرىدىن زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەرگە ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، يەنى ھىجرىيە 1278 - يىلى ( خۇك — توڭگۇز يىلى) ئۇلۇغ شەباننىڭ سەككىزىنچى كۈنى( مىلادىيە 1861 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) پۈتۈلگەن. بۇ ۋەخپىنىڭ كەڭلىكى 67 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 102 سانتىمېتىر؛ خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ كەڭلىكى 53 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 88 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك 9 دانە مۆھۈر بېسىلغان. بۇ ۋەخپە مۇھەممەد سەئىد دەۋرىدە ئاپاق خوجا مازىرىغا قىلىنغان ۋەخپىلەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن قايتا تولۇقلاپ يازدۇرۇلغانىدى.

مەن ۋەخپىلەرنى ئابلا سايىت ئاكىغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ۋەخپىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىدىم. ئۇ بۇھەقتە ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى. مەن ئابلا سايىت ئاكا بىلەن 3 سائەتتىن ئارتۇق ئەھۋاللاشتىم. ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ سۆھبەت ئاخىرىدا:

— بۇ ۋەخپىلەر ئاخىر يورۇقلۇققا چىقىدىغان بولدى، مەن بۇلارنى قەدرىنى بىلىدىغان ئادەمگە بەرگەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، ئابلا سايىت ئاكىغا ھۆججەت يېزىپ، ۋەخپىلەرنى ئارىيەتكە ئالدىم. ئابلا سايىت ئاكا بىزنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

مەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. ئەتراپ ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن، قار ھېلىھەم لەپىلدەپ يېغىپ تۇراتتى. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا يان تېلېفونۇمنى ئاچتىم. چۈنكى، مەن كورلىغا بارغۇچە ئۇيقۇسىز قالغاچقا، ئۈرۈمچىگە مېڭىشىنىڭ ئالدىدا تېلېفونۇمنى تاقىۋەتكەنىدىم. تېلېفون ئېچىلىپ نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا، تۇيۇقسىز سايراپ كەتتى. قارىسام ياسىن مەخمۇتنىڭ تېلېفون نومۇرى. شۇنىڭ بىلەن تېلېفوننى دەرھال ئالدىم. ئۇ ئابلا سايىت ئاكىنىڭ بىز خوشلىشىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقىنى ئېيتتى. مەن روھىم چىقىپ كەتكەندەك ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم، ئاغزىمغىمۇ ھېچقانداق گەپ كەلمىدى. خېلىدىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ، مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئەھۋال سورىدىم. مەن تېلېفون بېرىۋاتقاندا، يېنىمدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر سائىل پەيدا بولدى. ئۇ ئېھتىمال گەپ - سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغان بولسا كېرەك، مەن تېلېفوننى قويىۋەتكەندىن كېيىن، مەندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. سائىل:

— بۇ تەقدىر، ئاللا ئۇ زاتقا شۇ ۋەخپىلەرنى سىزگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچە ئۆمۈر ئاتا قىلغان،

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ــ دەپ قول كۆتۈرۈپ بىر مىنۇت ئەتراپىدا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قاياققىدۇر كېتىپ قالدى.

مەن ئابلا سايىت ئاكىغا بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ئاپاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى»نى نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇردۇم.

ئىككىنچى ۋەخپىنىمۇ نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىغا تاپشۇردۇم. بۇمۇ «ئاپاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى» ئىدى. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ۋەخپە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەرگە ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، يەنى مىلادىيە 1861 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىت مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. چۈنكى، ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدىكى ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ مىلادىيە 1852 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى.

مەن بۇ ئىككى خىل ۋاقىتنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. شۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى شىرىپ نىياز خۇشتارنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە ۋەخپىنى قولغا چۈشۈردۈم. بۇ ۋەخپىلەرنىڭ بىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەردىكى مەزگىلدە، يەنى ھىجرىيە 1278ـ يىلى رەجەپ ئېينىڭ تۆتى چاھارشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1681 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى»غا ئاتاپ پۈتۈلگەن. بۇ ۋەخپىنىڭ ئېگىزلىكى 110 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 78 سانتىمېتىر؛ خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 15 دانە مۆھۈر بېسىلغان. بۇ ۋەخپىلەرنىڭ يەنە بىرى «يۈسۈپ قادىرخان غازى مازىرى ۋەخپىسى»(پۈتۈلگەن ۋاقىت پەرسۇدە بولغان) بولۇپ، ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەخپىنىڭ ئېگىزلىكى 127 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 67 سانتىمېتىر؛ خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 117 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 57 سانتىمېتىر بولۇپ، ئەتراپىغا چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ئوخشاش بولمىغان تۆت دانە مۆھۈر بېسىلغان.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋەخپىسى» (مىلادىيە 1861 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پۈتۈلگەن) بىلەن «ئاپاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى» (مىلادىيە 1861 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈلگەن) نىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەردىكى مەزگىلدە ئوخشاش بىر يىلدا پۈتۈلۈشى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1852 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېگەن قاراشتا مەسىلە بارلىقىنى دەلىللەيدۇ. مەن بۇ پاكىتقا ئاساسەن «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇردۇم.

خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ۋەخپىلەرنى قوغدىۋېلىش، يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش تارىخىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ئۇلارنى ئاسرىشىمىز، ئامال بار يورۇقلۇققا چىقىرىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



# ئەللامە زەمەخشەرىي ھېكمەتلىرى

توپلىغۇچى: مەنسۇرجان تۇرسۇن

▲ ئەگەر بۇرادىرىڭ ساڭا خىيانەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلا، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلان.

▲ زۇكام بولغان ئادەم خۇش پۇراق گۈلدىن بەھرە ئالالمىغىنىدەك، ئەخمەق (دۆت) ئادەممۇ ھېكمەتتىن لەززەت تاپالمايدۇ.

▲ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ۋاپادار ئادەملەردىن ئايرىلىش — ئالىيجاناب كىشىلەر ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىقراقتۇر.

▲ پايدىسىز، ساختا ئىشلارنىڭ سەل ـ پەل تىۋىشىنى سېزىپ قالساڭ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايسەن (قۇلىقىڭ بۆرە كۈچىكىنىڭ قۇلىقىدىنمۇ سەزگۈررەك بولىدۇ)، ئەگەر ھەق سۆزنىڭ ئاچچىق ساداسى ياڭرىسا، قۇلاقسىز (گاس) بولۇۋالىسەن.

▲ سىنالغان، تەجرىبىلىك كىشى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ساقلان، گەرچە شۇنداق قىلىشقا پەتىۋا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ (بۇ ئىشنى باشقىلار بولىۋېرىدۇ، دەپ قوۋۋەتلىگەن تەقدىردىمۇ).

▲ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش بىلەن مەرد، ئالىيجاناب ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ؛ قىيىن، مۇشەققەتلىك ئىشقا دۇچ كەلگەندە خار بولمايدۇ.

▲ ئۆز ئېتىقادىڭ ۋە ئابرۇيىڭنى ساقلاشقا پايدىسى بار نەرسىنى تارتىنماستىن ئال، قەدىر ـ قىممىتىڭنى چۈشۈرىدىغان نەرسىنى ئالما.

▲ تولا چاغلاردا ھىيلە ـ مىكىر كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ئۈستۈن بولۇپ چىقىدۇ. كۈچلۈك شىرلارنى ھىيلە بىلەن كولانغان ئورا ئارقىلىق تۇزاققا چۈشۈرۈش (ئوۋ قىلىش) مۇمكىن.

▲ بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشنى تاشلاپ، يات ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. بۇ گويا تۆگىقۇش ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى تاشلاپ، باشقا قۇشنىڭ تۇخۇمىنى بېسىپ ياتقىنىدەك بىر ئىش.

▲ بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار سىزگە پىلىكتەك چىرمىشىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئەمما پۇرسەت كۈتۈپ يامانلىق قىلىش قەستىنى تاشلىمايدۇ. تىل يارىسى كۆپ چاغلاردا قىلىچ يارىسىدىن يامانراق.

▲ كۆڭۈل نۇرى توسۇلماس، ھەقىقەت چىرىغى ئۆچمەس.

▲ بىرنەرسە سورىغان كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ئەمما مىننەت قىلماسلىق ياكى سورىغان نەرسىنى بەرمەي بېخىللىق قىلىشنىڭ ھەر ئىككىسى بىر توپ دەرەختە ئۆسكەن ئىككى تال شاخقا ئوخشايدۇ.

▲ ئىلىم — ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش دېمەكتۇر، ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ قويۇش ۋە قەغەز بوياش ئەمەس.

▲ سېنى خاپىچىلىققا ئۇچراشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىشىگە ياخشى مۇئامىلىدە بول. «قورقما، ھېچ گەپ يوق» دەپ چاپان ياپقۇچىدىن يىراق بول.

▲ رىيا بار ھەرقانداق ئىشتا زىيا يوق. (رىياكارلىق بىلەن قىلىنغان ئىش روناق تاپمايدۇ).

▲ ئاتقا ھەر ھالدا قامچا لازىم، گەرچە يىراقتا چاپىدىغان ئۇچقۇر ئات بولسىمۇ.

▲ ياخشى سۆز بىلەن تۈزەلمىگەن ئادەم ئۇرۇش - قىيناش بىلەنمۇ تۈزەلمەيدۇ.

▲ راست سۆزلۈك ئادەمنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرى ئاز بولىدۇ.

▲ دولقۇنلۇق دېڭىز كېمىسىگە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلمىغان، يەنى جاپا - مۇشەققەتنىڭ شورلۇق سۈيىدىن ئىچمىگەن ئادەم ئاق سۇ (تاتلىق سۇ) ئىچەلمەيدۇ. (مۇشەققەت چەكمىگۈچە راھەت كۆرمەيدۇ.)

▲ مال ۋە بايلىقى ئۆزىدىن يىراقتا بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ.

▲ كىمكى ئۆز نەپسىنى مەيلىگە قويۇپ بەرسە (ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلسە)، ئۆزىنى ئۆزى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلايدۇ.

▲ ئالىيجاناب، مەرد ئادەمنىڭ گۈزەل خۇلقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىشى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.

▲ ئىچكى دۇنياسىنى ياخشى سۈپەت ۋە گۈزەل خۇلق بىلەن زىننەتلىمىگەن ئادەم، قانچىلىك ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋالغان بىلەنمۇ سالاپەتلىك بولالمايدۇ.

▲ ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزمىگەن ھەربىر مەنسەپدارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار ئاقىۋەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

▲ شەرت بىلەن قىلىنغان سېخىيلىقتا ياخشىلىق يوق، ئۇ گەرچە قاتتىق ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش بولسىمۇ.

▲ ھەرقانداق مۇشكۈل ئىش پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. سەييارىلەرمۇ پەقەت ئۆز قۇتۇپلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

▲ ئەجدادىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ماختانما.

▲ دوستۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىڭ نېچۈك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قوي. مانا شۇ يامان ئادەتلىرىڭنى ئازايت. ئىنسانلىققا ياراشمايدىغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقنىمۇ تاشلا.

▲ ھاياتىڭ پۈتۈنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىرنەرسە! ۋاقتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە. جىددىيەت ۋە غەيرەت تۇلپارىنى ئۆكچىلەپ، ئامانلىق مەنزىلىگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بول.

▲ دۇنيادا بايلىق ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولغان ئادەم يا باشقا بىرىنىڭ سۈيىقەست ۋە ھەسەت ئوقىغا نىشان بولۇش بىلەن، يا ئۆزى باشقىلارغا يوشۇرۇن سۈيىقەست ۋە ھەسەت قىلىش بىلەن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ سادىق دوست زەھەر قايتۇرغۇچى دورىدىن خەيرلىك، يامان دوست زەھەردىنمۇ زەھەرلىكتۇر.

▲ باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىغا بولغان تەمەخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكنى ئازايتقىنىكى، جانابىي

ھەقنىڭ خەير ـ ئېھسانى ھەمىشە سەن بىلەن بىللە بولسۇن.

▲ ئىت قۇيرۇقىدا ياغ ۋە كۆچ بولمىغىنىدەك، ئېسىلىقى بولمىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ.

▲ ئىززەت ـ نەپس ۋە ھىممەتنىڭ چوڭلۇقى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش ۋە مۇدھىش زۇلۇملارغا كۆكرەك كېرىش دېمەكتۇر.

▲ پايدىسىز ئىش ۋە كۇرەشتىن قولۇڭنى تارت، سەممىيىتىڭ ۋە تۇپرىقىڭنىڭ بويىنىغا ئېسىل، يەنى جىددىيەتتىن ۋە كەمتەرلىكتىن ئايرىلما. يارىتىلىشىڭ ئەسلىدە پاك بولۇپ، مەينەتچىلىكتىن خالىيدۇر.

▲ زامان تېگىدە بېسىلىپ قالما، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن كۇرەش قىلىشتىن باش تارتما. توغرا يولدا قەيسەر بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر.

▲ ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما، ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشىڭگە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچىڭ بولمىغۇچە ئاتاڭنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش داۋاسىدا بولما، چۈنكى ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

▲ تىلىڭ ياخشىسى ئېغىزنى چىڭ تۇتۇپ ئاز سۆزلەڭنى.

▲ قەسەم قىلىمەنكى، قانائەت ئىنساننى ئەڭ ئالىي بەخت ـ تەلەيگە يەتكۈزگىنىدەك، ئاچ كۆزلۈكمۇ ئەڭ يامان تەمەخورلۇق پاتقىقىغا پاتۇرىدۇ.

▲ قەسەم قىلىمەنكى، سۆز بىلەن بىر كىشىنىڭ نومۇسى ۋە شەرىپىگە تېگىپ، يۈزىنى چۈشۈرمەك ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىنمۇ يامان.

▲ مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن بەختىيار بولىدىغان ئادەم پەقەت يامانلىق ۋە زاۋاللىق بولمىغان باقىي ۋە ئەبەدىي ھاياتنى تىلەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ سېنىڭ سادىق دوستۇڭ ساڭا ۋە دوستۇڭغا تەربىيە ۋە نەسىھەت بەرگەن ۋە سېنى ياكى ساڭا ئائىت بولغان نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ قويىدىغان كىشىدۇر.

▲ ھەققە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇ دەۋەتكە قۇلاق يۇپۇرمىغانلار نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!

▲ تىلنى تۇتمىغان كىشى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپلەر ئۈچۈن كۈندۈزى نادامەت بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلايدۇ، كېچىسى غەم ـ قايغۇدىن ئۇخلىيالماي، ئورنىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ بىئارام بولىدۇ.

▲ ئەمەلى بولغان كىشى ئۈچۈن ئىلىم ـ بىنا ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۈچۈن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان ئارغامچىسىدۇر. ئاسما تېشى بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغىنىدەك، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقنى باسالمايدۇ.

▲ كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا، ھەم ئالىم، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى) بولۇشى كېرەك.

(تۇپلىغۇچى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# «ھاتەمنامەئى تۈركىي»دىن①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت ئەھەت بوگو**

ھېكايەت: ئىران زېمىنىدا كاتتا بىر ۋىلايەت بار ئىدى. ئادەملىرى باي ـ دۆلەتمەن ئىدى. شۇنىڭغا لايىق پادىشاھى بار ئىدى. ئىسمى كەردان شاھ ئىدى. خەزىنە ۋە دەپىنىلىرى ھەددىدىن زىيادە، ئەسكىرى ۋە پۇقرالىرى كېچە ـ كۈندۈز دۇئادا ئىدى. ئۇ شاھ ئۆزىنى ئادىل پادىشاھلاردىن سانايتتى. ئەگەر ئوغلى ھەم شەرىئەت ھۆكمىدىن تاشقىرى قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، ئۇنى ئادالەت دارىغا تاپشۇرۇشقا ھازىر ئىدى.

ئۇلۇغ تەڭرىم شاھقا ئۇشبۇ دۆلەت ـ باياشاتلىققا مۇناسىپ بىر ساھىبجامال قىز ئاتا قىلغانىدى. ھۆسن ۋە لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئىسمى نادىرەئى دەۋران ئىدى. يۈزى ۋە پېشانىسىدىكى خاللار گويا ئون تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. كەردان شاھ قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

شۇ كۈنلەردە خاجە بەرزۇخ دېگەن كاتتا بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ـ نەسەبى ئۇلۇغلاردىن ئىدى. تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن كەردان شاھ ئۇ خوش تەبىئەت خاجە بىلەن دوستلىشىپ قالدى ۋە مەلىكە نادىرەئى دەۋراننى ئۇ خاجەگە نىكاھلاپ بېرىپ، شەھەر ئوتتۇرىسىغا كاتتا بىر ھويلا ـــ ئالىي ئىمارەت بىنا قىلدۇرۇپ، مەلىكە نادىرەئى دەۋراننى خاجە بىلەن شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. كۈنلەر ئۆتۈپ مەلىكە نادىرەئى دەۋران خاجە بەرزۇختىن ھامىلىدار بولدى ۋە ۋاقىت ـ سائىتى يېتىپ بىر قىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردىكى، ئۇ ئانىسى نادىرەئى دەۋراندىن ھۆسن ـ جامالدا نەچچە ھەسسە زىيادە ئىدى. كەردان شاھلار ئۇلۇغ ـ كىچىك ھەممىسى خۇشال ـ خۇرام بولۇشتى ۋە شۈكرى ـ سانالار ئەيلەپ، ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ھۆسەينە بانۇ قويدى. تا ئۇ قىز يەتتە ياشقا يەتكەندە ئانىسى نادىرەئى دەۋراننىڭ نېسىۋىسى ئۈزۈلۈپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئاز مۇددەتتە خاجە بەرزۇقمۇ بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپ، پاناھ يولىنى تۇتتى. ھەممە مال ـ دۇنيا، ھويلا ـ ئارام ھۆسەينە بانۇغا قالدى. ھۆسەينە بانۇ ھەپتە

---

① ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان بۇ پارچە «ھاتەمنامەئى تۈركىي» ناملىق ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1324 (مىلادىيە 1906) ـ يىلى چاپ قىلىنغان چاغدا تاپچە نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

ئارىسىدا كەردان شاھىنىڭ ھۇزۇرىدا، ھەپتە ئاخىرىدا بولسا ئۆز ئۆيىدە بولاتتى.

ھۇسەينە بانۇنىڭ يېشى ئونغا يەتتى. بىر كۈنى ئۇ دېرىزىدىن ھەر تەرەپكە بېقىپ تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى، چوڭ كوچىدىن كېلىۋاتقان بىر كىشىگە كۆزى چۈشتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى شەيخ بابەرىكات ئىدى. كۆردىكى، ئىككى يۈز ئادەمنىڭ قولىدا ئالتۇن خىش، يەنە ئىككى يۈز ئادەمنىڭ قولىدا كۈمۈش خىش بار ئىدى. ئۇ ئادەملەر شەيخ بابەرىكاتنىڭ ھەربىر قەدىمىگە شۇ خىشلارنى قوياتتى. شەيخ بابەرىكات ئۆتۈپ بولغان ھامان ھەركىم يەنە ئۆزىگە تەۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش خىشلارنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ، شەيخنىڭ ئايىغىغا پاياندار قىلىپ تىزىشاتتى. شەيخ شۇ قەدەر سەلتەنەت بىلەن يول يۈرەتتى.

ھۇسەينە بانۇ ئىنىكئانىسىدىن سورىدى:

— بۇ قانداق ۋەقەدۇر؟

ئىنىكئانىسى جاۋاب بېرىپ:

— بۇ شەيخ كەردان شاھىنىڭ پىر ـ ئۇستازىدۇر، ئەي قىزىم، زىنھار بىئەدەپلىك كۆرۈلمىسۇن، — دېدى.

ھۇسەينە بانۇ ھەيران قالدى.

بىر كۈنى ھۇسەينە بانۇ كەردان شاھىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىدى، تۇيۇقسىز شەيخ بابەرىكات يادىغا كېلىپ ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، ئەگەر ئىجازەت بولسا، دىللىرىنى روشەن قىلغۇچى پىر ـ ئۇستازلىرى شەيخ بابەرىكاتقا بىر زىياپەت ھازىرلىسام، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

كەردان شاھ خۇشال بولۇپ:

— پالانى كۈنى زىياپەت ھازىرلىغىن، — دەپ مەلىكىگە ئىجازەت بەردى. مەلىكە خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۆيىگە كېلىپ، تا زىياپەت كۈنىگىچە زىياپەتنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييار قىلدى. ئاندىن ئىنىكئانىسىغا:

— ئۇ شەيخنى ئەتىگە تەكلىپ قىلىڭ، — دېدى.

ئىنىكئانىمۇ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈردى. شەيخنى ئەتىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. شەيخ زىيادە خۇشال بولدى ۋە ئەتە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىجازەت بەردى. ئىنىكئانا خۇرسەن بولۇپ، مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ كۈنى كېچىچە ھەممەيلەن مېھماندارچىلىقنىڭ تەرەددۇتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. ئەتىسى دەل قىيام ۋاقتى بىلەن شەيخنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتتى. ئۇنىڭ نەچچە يۈز مۇرىتى قائىدە بويىچە ئاۋۋالقىدەكلا ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلارنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تىزىپ ماڭاتتى. شەيخ بولسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ساراي خادىملىرى بۇلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. زىياپەتلەرنى ھازىرلاپ قىيامىغا يەتكۈزدى. بۇ كېچە تا تاڭغىچە زىكىر ـ سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى شەيخ يەنە تاكى كەلگەن ۋاقتىغا قەدەر بۇ يەردە زىياپەتتە بولدى. مەلىكە ئىخلاس بىلەن ئۇنىڭ تۆت يۈز «خىش» توشۇغۇچىلىرىغا لىباس، پۇل ـ پۇچەك ئىنئام قىلدى. خۇشۇسەن، شەيخقە بىر ئات، سەككىز قۇر لىباس، بىر لىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ھەدىيە قىلدى. شەيخ دۇئايى پاتىھەنى تاماملاپ، ئاتقا مىنىپ ئاۋۋال ئۆز ماكانىغا يول ئالدى، لېكىن مال ـ بىسات توغرىسىدا ئۆزگىچە خىيالدا ئىدى.

ئەمدى خاجە بەرزۇخنىڭ ئۆيىنى ئوغرىلارنىڭ تالان قىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ بايانىنى ئىشتىڭ:

زىياپەتتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكە ئۇخلاشقا تۇتۇندى، بىراق ئۇيقۇسى كەلمىدى. شۇ تەرىقىدە يېرىم كېچە بولدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىن باشقىچە ئاۋاز — ئادەملەرنىڭ شىپىلداپ ماڭغان تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. مەلىكە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، تۆت يۈز مۇرىت شەيخنىڭ باشچىلىقىدا مېھمانخانا، ھۇجرىلاردىكى بورىدىن

باشقا مال - بىساتىنىڭ ھەممىسىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسىنى مېيىپ ۋە بىرنەچچىسىنى شېھىت ھەم قىلىشقاندى. مەلىكە نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئىنىكئانىسىنى ئويغاتتى ۋە بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ئىنىكئانا بۇ ئىشلارنى قىلغانلار شەيخ بىلەن ئۇنىڭ سوپىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما نائىلاج تاڭ ئېتىشىنى كۈتتى. ئەتىسى سەھەردە مەلىكە ئىنىكئانىسى بىلەن بىللە كەردان شاھنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ:

— تۈنۈگۈن كېچە نۇرغۇن ئوغرى ئۆيۈمنى تالان قىلدى. ئۇلار بۇرىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەتتى. ئەمما، مەن ئۇ ئوغرىلارنى ناھايىتى ئېنىق تونۇۋالدىم. ئوغرىلارنىڭ باشچىسى ئۆزلىرىنىڭ پىر - ئۇستازلىرى ئىكەن. «خىش» كۆتۈرگۈچى سوپىلار خىزمەتكارلىرىمدىن نەچچىسىنى شېھىت ۋە نەچچىسىنى مېيىپ قىلىپ قويۇپتۇ، — دەپ ئەرز قىلدى.

كەردان شاھ مۇنداق پىتنە قوزغىغۇچى خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەل تۇرىۋالغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكە بىلەن ئىنىكئانىغا قاراپ قەھرى بىلەن:

— ئەي چېچى ئۇزۇن، ئەقلى كېسەلگەن بەتنىيەتلەر، بۇ دۇنيادا بۇنداق زور بوھتاننى ئارتقۇدەك ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟ — دەپ ئاچچىق قىلدى ۋە بىردىن تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك بولدى - دە، ئىختىيارسىز:

— ئەي جاللاتلار، بارمۇ بىلەر! بۇ ئىككى بەختسىز، شور پېشانە زەئىپنىڭ بېشىنى قوينىڭ بېشىنى كەسكەندەك تېنىدىن جۇدا قىلىپ، تېنىنى ھىندىلارنىڭ تېنىنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ئاسمانغا سورۇڭلار. بۇ ئالەمدىن ناملىرى ئۆچۈپ كەتسۇن! — دەپ ھۆكۈم چۈشۈردى.

جاللاتلار مەلىكە بىلەن ئىنىكئانىنى ئېلىپ چىقىپ كەردان شاھنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلماقچى بولۇشتى. شۇ ئەسنادا كەردان شاھنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇئا ۋە سانادىن كېيىن:

— ئەي دىيارىمىزنىڭ ئۇلۇغ شاھى، تا كيۇمەرىس ئادەمدىن بۇيان ھېچ پادىشاھ ئاجىزەلەرنىڭ قېنىنى تۆكمىگەندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىدۇر. ئەمدى ئەرزىم شۇكى، بۇلارنى بىر باياۋانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلاپ قويساق. بۇ ئۇشبۇ ئاجىزەلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ھۆكۈمنىڭ ئىجراسى بولغاي، — دەپ پادىشاھتىن ئىجازەت ئېلىپ، مەلىكە بىلەن ئىنىكئانىنى دەرھال جاللاتلارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئاندىن بۇلارنى بىر مەپىگە سېلىپ، ئۆزى باش بولۇپ قورقۇنچلۇق بىر دەشت - باياۋانغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ جايدا ھېچبىر جانلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. ۋەزىر:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى، ئەگەر ئىشلىرىڭلار ھەق بولسا، قۇياش كەبى يورۇقلۇققا چىققايسىزلەر، — دەپ بىر ئاز سۇ - ئوزۇق قالدۇرۇپ، بۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەلىكە بىلەن ئىنىكئانا دەشت - باياۋاندا تەنھا قالدى. كۈن قىزىپ كەتكەنىدى. ھارارەتتىن بۇلار تۇرۇپ بىھوش بولۇپ، تۇرۇپ ھوشىغا كېلىپ، بۇ بىر كۈننى تولىمۇ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدى.

كەچ بولدى. تا تاڭ ئاتقۇچە بىرى ئۇخلىسا، بىرى ئويغاق تۇردى. بۇلار شۇ تەرىقىدە كۈندۈزى ئارام تاپقۇدەك بىرەر جاينى ئىزدەپ يۈرۈپ، نەچچە كۈندىن كېيىن يىراقتىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر دەرەخكە كۆزلىرى چۈشتى. بۇلار يېقىلىپ - قوپۇپ، ئاخىر دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئەلقىسسە، كۆردىلەركى، دەرەخنىڭ يېنىدا سۈيى راۋان بىر بۇلاق تۇرۇپتۇ. دەرەخ شۇ بۇلاقنىڭ لېۋىدە ئىدى. ئەتراپ تولىمۇ گۈزەل ۋە

kitab turkitap.com

خۇش ھاۋالىق بولۇپ، دىلغا راھەت ئاتا قىلاتتى. بۇ ئىككى مەزلۇم شۇ بۇلاقنىڭ لېۋىدە — دەرەخنىڭ سايىسىدە ماكان تۇتماقنى ئۆزلىرىگە ماقۇل كۆرۈپ، خۇدايىتائالاغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىشىپ: «مۇنداق باياۋاندا، يازنىڭ ھارارەتلىك كۈنلىرىدە بىزنى پاك سۇغا يەتكۈزگۈچى، بىزدەك نىمجان بەندىلىرىڭگە ۋە ھەممە ئاجىز ناتىۋانلارغا سەۋەبلەر بىلەن رىزق بەرگۈچى سەن ـ سەن!» دەپ بارلىق يارالمىشلارنى ياراتقۇچى تەڭرىگە ئاتاپ مۇناجاتلار ئوقۇشتى. كېچىلىرى يېرىم كېچىگىچە مەلىكە ئۇخلىسا، ئىنىكئانا كۆزەتچىلىكتە تۇراتتى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئىنىكئانا ئۇخلاپ، مەلىكە كۆزەتچىلىكتە تۇراتتى.

بىر كېچىسى مەلىكە ئۆز نۆۋىتىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. سەھەر ۋاقتى ئىدى. ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخكە قوندى. ئۇلار ئاجايىپ خۇش ئاۋاز بىلەن سايرىشاتتى. بىرپەستىن كېيىن بۇ جانىۋارلار سايراشتىن توختاپ پاراڭغا چۈشتى. بىرى دېدىكى: «ئەي دوستۇم، بۇلار بىز ئۈچۈن مېھماندۇر. بۇلار ئادەم قەدىمى يەتمەيدىغان يەرگە — بىزنىڭ ماكانىمىزغا چۈشۈپ ئارام ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاجىزەلەر ئۈچۈن بىز ھېچقانداق مېھماندارچىلىق يەتكۈزەلمىدۇق».

يەنە بىرى دېدىكى: «دانىشمەنلىرىمىزدىن ئاڭلىشىمچە، ۋاقىت ـ سائىتى يەتكەندە، بۇ بۇلاق لېۋىگە ئىككى ئاجىزە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قەدەم يەتكۈزەرمىش. ئۇلارنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ قىزى — مەلىكە، يەنە بىرى ئۇ مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسىمىش. ئۇ مەلىكىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاۋۋالقى ھەرپى «ح»، ئاخىرقى ھەرپى «ە» بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىسمىنىڭ «حسىنە» (ھۆسەيىنە) ئىكەنلىكى مەلۇم بولارمىش. بۇ ئىككى مەزلۇم مېھمان بەلكىم شۇ ئىككى كىشى بولسا كېرەك. مەن ھازىر مېھماندارچىلىق ئورنىغا بىر ھېكايە ئېيتىمەن. ئەگەر بۇ مەلىكە ھوشيار بولسا، ئەلۋەتتە، ھېكايەم ئۈچۈن خۇشال بولغۇسىدۇر».

يەنە بىرى: «ئۇ قانداق ھېكايە؟ سۆزلە. مەن ئاڭلايمەن!» دېدى.

ئەمدى ئۇ قۇشنىڭ ھەمراھىغا ئادەم زۇۋانىدا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى مەلىكە ھۆسەيىنە بانۇنىڭ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئىشتىكەنلىكى:

ھېكايەت: ئۇ قۇش ھېكايەتكە زۇۋان ئېچىپ ئېيتتىكى، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىدى. نەسەبى كىيانىيلاردىن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى شىكار قىلماق ئۈچۈن دەشت ـ سەھرالارنى تاماشا ئەيلەپ، شىكار قىلار ـ قىلار، ئۇشبۇ بۇلاقنىڭ لېۋىگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئالدى. بۇلاقنىڭ سۈيى ۋە ھاۋاسى شاھنىڭ تەبىئىتىگە تولىمۇ ياقتى. شاھ نەچچە كۈن شۇ يەردە بولدى. ھەر كېچىسى ھەر تەرىقە ئادەملەر بىلەن — بەزى كېچىلىرى سازەندىلەر بىلەن، بەزى كېچىسى ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەت قۇراتتى.

ئەلقىسسە، ھۆكۈمالار بىلەن سۆھبەتتە بولغان كېچىسى سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا ھۆكۈمالار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— ئەي شاھى جاھانپەرۋەر، خۇداۋەندە كەرىم ئۆزلىرىگە شۇ قەدەر كۆپ دۆلەت، مال ـ مۈلۈك ۋە مەملىكەت، خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى ئاتا قىپتۇ. سىلى بىلەن تەڭ تۇرغۇدەك ئۆزگە جاھاندارلار يوقتۇر. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق پادىشاھ ۋە بايلارغا بۇ دۇنيا ۋاپا قىلغان ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئالەمدە ئاجايىپ بىر ئىش قىلماقلىرى لازىمدۇر. ئۆزلىرىدىن كېيىن خەلقئالەمگە ئاشكارا بولۇپ، بۇ جاي ھەقىقىي تاۋاپگاھقا ئايلانغاي! — دېيىشتى.

پادىشاھ سورىدى:

— قانداق ئىش قىلماق كېرەك؟

ھۆكۈمالار شۇئان:

— پۈتۈن خەزىنىلىرىنىڭ يېرىمىنى تىلسىم قىلىپ، ئۇشبۇ بۇلاقنىڭ بېشىغا كۆمسەك. سىلىدىن كېيىن بۇ جايغا كېلىدىغانلاردىن خاھ مەزلۇم، خاھ ئەركەك بولسۇن، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، پاك ـ ديانەتلىك، تەقۋادار بىرەر كىشىنىڭ

نامىغا ئاتاپ خەت پۈتۈپ قويساق، — دېيىشتى. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ماقۇل كەلدى. دەرھال تامچى ئۇستىلارنى كەلتۈرۈپ، يەرنى سۇ چىققۇدەك دەرىجىدە كولاپ بىر گۈمبەز تەييار قىلدى. ئاندىن شۇ گۈمبەزنى ئاساس قىلىپ، ئەتراپىغا يەنە نەچچە گۈمبەز ياسىدى. شۇ ئەرىقىدە پات پۈرسەتتە يەتتە گۈمبەز ياسىلىپ پۈتتى. گۈمبەزلەرنى يەر بىلەن باراۋەر قىلىپ كۆمدى. ئاندىن تۆر - تەرتىپى بويىچە گۈمبەزلەردىن بىرىنى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەر بىلەن، يەنە بىرىنى جاۋاھىراتلار بىلەن، يەنە بىرىنى لەئل - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن تولدۇردى. ئومۇمەن، ھەممە گۈمبەز توشتى. بىر نامە پۈتۈپ گۈمبەزنىڭ بىرىگە قويدى.

ھۆكۈمالارنىڭ دېيىشىچە، ھەرقاچان ئۇشبۇ خەزىنە ئاتالغان ئادەمدىن ئۆزگە كىشى بۇ دۇنيالارنى ئالماق قەستىدە بولىدىكەن، مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسى يىلان - چايان بولۇپ، شۇ ئادەمگە زەخمە يەتكۈزەرمىش. شۇنداقلا ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ قولىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، باشقا بىرى ياكى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر مەزكۇر بايلىققا ئېرىشىش ۋە ياكى ئۇشبۇ خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى كولاپ ئېچىش قەستىدە بولىدىكەن، شۇئان ئەجدىھا ۋە شىرلار پەيدا بولۇپ، ئۇ قەست قىلغۇچىنىڭ تېنىنى پارە - پارە قىلىۋېتەرمىش. ئەمدى سۆز شۇكى، ھەقدار تاڭ ئاتقاندا شۇ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۈن چىقىش تەرەپكە يىگىرمە بىر قەدەم چامداپ، شۇ يەرنى قازسا، گۈمبەزنىڭ يولى ئېچىلغاي. ئاندىن نامىنى تېپىپ، قالغان سۆزنى نامىدىن تەلىم ئېلىپ، نامە ھۆكمى بويىچە ئىش كۆرگەي!

قۇشنىڭ ھېكايىسى تامامىغا يەتكەندە سۇبھى ۋاقتى بولدى. ئۇ جانىۋارلار ئۇچۇپ، تىرىكچىلىك تەرەددۇتىغا كېتىشتى.

مەلىكە ئىنىكئانىسىنى ئويغىتىپ ئاۋۋال تەرەت ئالدى، ئاندىن قۇشلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئىنىكئانىسىغا بىرمۇبىر بايان قىلىپ بەردى. بۇ ئىككىيلەن قۇش تەيىن قىلىپ بەرگەن يەرنى كولىغانىدى، دەرۋەقە، گۈمبەزنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئەلقىسسە، ئىچكىرىگە كىرىپ خوپ تاماشا قىلىپ، ھۆكۈمالار پۈتۈپ قالدۇرغان نامىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. بىرپەس دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەزبىرايى، مەلىكە ئىمتىھان ئۈچۈن ئىنىكئانىنى «پالانى نەرسىنى ئېلىپ چىقىڭ» دەپ بۇيرۇدى. ئىنىكئانا گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەن ساناقسىز يىلان - چايانلار ئىنىكئانىغا تەھدىت سالدى. ئىنىكئانىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ قېچىپ چىقتى. مەلىكە ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاخىر مەلىكە ئۆزى كىرىپ تىللالاردىن ئېلىپ چىقتى ۋە ئىنىكئانىغا بېرىپ:

— ئەي ئانا، سىز بۇ تىللالارنى ئېلىپ، ھەر ئاماللار بىلەن شەھەرگە كىرىڭ. مەن بۇ يەردە تا سىز كەلگۈچە ئىستىقامەتتە بولاي. ئىككى ئوغلىڭىزنى ھەمدە ئەسۋاب - جابدۇق، خىزمەتكار، ئىشقىلىپ نېمە كېرەك بولسا، شۇلارنى ئېلىپ كەلگەيسىز. بۇ جايغا شەھەر بەرپا قىلماقچىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىنىكئانا مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. تىللالارنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن يول يۈرۈپ نەچچە كۈندىلا ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئىككى ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئوغۇللىرىغا ئېلىپ كەلگەن تىللالارنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئەسۋاب - جابدۇق، خىزمەتكار، هارۋا ۋە لازىملىقلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. تا بىر ھەپتىگىچە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، كېچىلەپ يولغا راۋان بولدى.

ئىنىكئانا كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە يەنە ھۆكۈمالار پۈتۈپ قالدۇرغان نامىنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلىپ بىلدىكى، ھۆكۈمالار پادىشاھ تىلىدىن مۇنداق يازغانىدى:

— ئەي قىزىم، ئۇشبۇ دۇنيا ۋە خەزىنىلەرنى ساڭا قالدۇردۇم. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ بۇلاقنىڭ

يېنىغا بىر شەھەر بىنا بەرپا قىلغايسەن؛ مېھمانخانا ۋە سارايلار سېلىپ، بۇ دۇنيادىن ئېھسانلار ياغدۇرغايسەن. تا سېنىڭ بەرىكەت ۋە ئېھسانلىرىڭدىن ئاللاتائالا بىز پېقىرلارغا سائادەت ۋە كارامەتلەر ئىلتىپات قىلغاي. ئامىن، يارەببىل ـ ئالەمىن①!

مەلىكە كۆڭلىدە: «ئۇ كاتتا مەرتىۋىلىك شاھنىڭ دىلى روشەن ھۆكۈمالىرىغا ئېيتقىنىدىنمۇ زىيادە خەيرلىك ئىشلارنى قىلغايمەن، ئىنشائاللا !» دەپ نىيەت قىلىپ ئولتۇرغانىدى، ئىنىكئانا نۇرغۇن ئادەم ۋە ھەشەمەتلەر بىلەن يېتىپ كەلدى، مەلىكە بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشتى، تەڭرىگە شۈكۈرلەر ئېيتتى. مەلىكە بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئىنىكئانىنىڭ بىر ئوغلىنى ئىش بېشى قىلىپ: «يەنە غۇلام ۋە ئۇستىلاردىن ئېلىپ كەلگىن» دەپ شەھەرگە ماڭدۇردى. يەنە بىرىنى ئىنىكئانا ئېلىپ كەلگەن ئادەملەرگە ئىش بېشى قىلىپ، ئاۋۋال خەزىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ تام سوقۇشقا بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، بىر يىل مۇددەت ئىچىدە بۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىندى. يۈزدىن ئارتۇق مېھمانخانا، رەڭگارەڭ زىننەتلەنگەن سارايلار، باغلار، بوستانلىقلار بەرپا بولدى. تەييار بولغان ئۆيلەرگە ھەر جايدىن كەلگەن بىچارە ـ مىسكىنلەرنى ئولتۇرغۇزدى. ھەممىسىگە لىباس ۋە خەج ـ خىراج بېرىپ، ھال ـ كۈنىنى باياشات قىلدى. خاس خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ ھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ئالاھازەل، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرگە ئادەم، سارايلارغا مال، مېھمانخانىلارغا مېھمان تولدى. بۇ ئىشلارغا نەچچە ئىش بېشى تەيىنلەندى. مېھمانخانىلارغا خىزمەتچى قويۇلدى. غېرىب، مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا خادىملار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەلىكە بۇ ئىشلاردىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، خاس كېنىزەكلىرى بىلەن گاھىدا مەجلىس قۇرۇپ بەزمە تۈزسە، گاھىدا ئەرەنچە ياسىنىپ ئات مىنىپ شىكارغا چىقاتتى.

مەلىكە بىر كۈنى شىكار قىلىۋېتىپ كەردان شاھنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نۆكەرلەر ئاپىرىنلار ئېيتىشىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سوراشتىكى:

ــ ئىسمىڭىز نېمە؟ قايسى گۈلشەندىن پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭىز؟

مەلىكە تەكەللۇپ بىلەن سۆز ياساپ:

ــ پالانى پادىشاھنىڭ جىگەر پارىسىدۇرمەن. ئېتىم شاھزادە مۇنەۋۋەر. ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز يېقىنلىرىم بىلەن شىكار تاماشاسىغا چىققانىدىم، تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا قونۇپ قالدىم. ئۇ بۇلاق مېنىڭ تەبىئىتىمگە تولىمۇ ماس كەلگەچ، ئاتامدىن جاۋاب ئېلىپ، ئۇ يەرگە شەھەر بىنا قىلدىم. ئۇ شەھەرگە «ھۆسنئاباد» دەپ نام قويدۇم. بىر ئاي بۇ يەردە، بىر ئاي ئاتامنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

مەلىكە ئۇ نۆكەرلەرنى بىرنى قالدۇرماي تەكلىپ قىلىپ، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈز زىياپەت بەردى. ھەممىسىگە چىرايلىق لىباس، ئىسىل ئات ۋە خەج ـ خىراجەت ئىنئام قىلىپ ئۇزاتتى. نۆكەرلەر تا شەھەرگە يەتكۈچە مەلىكىنى مەدھىيىلەپ كەلدى.

ئەمدى گەپنى نۆكەرلەردىن ئىشىتىڭ: نۆكەرلەر يولدا مەسلىھەتلىشىپ: «بۇ ۋەقەلەرنى كەردان شاھقا مەلۇم قىلايلى. بولمىسا، كەردان شاھ ئۆزى ئاڭلاپ قالسا، بىزگە ئاھانەت بولىدۇ» دېيىشىپ تارتۇقلانغان لىباس ۋە ئاتلارنى ئېلىپ، دۇئايىسالام بىلەن شاھقا كۆرۈنۈش قىلدى. كەردان شاھ نۆكەرلەرنىڭ رەڭگىرويى، تەقى ـ تۇرقىنىڭ ئۆزگىچە بولۇپ

① تىلىكىمنى ئىجابەت قىل، ئەي پۈتۈن ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللا.

قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىتلەر، ئات ۋە لىباسلىرىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! بۇ نېسىۋىلەر سىزلەرگە قاياقتىن مۇناسىپ بولدى؟ — دەپ سورىدى.

نۆكەرلەر جاۋاب بېرىپ:

— ئەي شاھى جاھانپەرۋەر، بىزلەر، ئەزبىرايى، شىكار قىلىپ پالانى تاغ ئېتىكىگە بارغانىدۇق. پالانى كۈنى تەسادىپەن پەرى سۈپەت بىر شاھزادىگە يولۇقۇپ قالدۇق. بۇ ئەسىردە — بۇ ئالەمدە ئۇ شاھزادە ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز بولۇپلا قالماي، گۈزەل خۇيلۇق، شېرىن سۆزلۈك ئىكەن. جاھانغا ئۇنىڭدەك يىگىتتىن يەنە بىرى تۆرەلمىگەي! بىلمىدۇق، ئۇ شاھزادىنىڭ ئەسلى - نەسلى قايسى شاھپەرىگە ئۇلىشىدىكىن؟! جاھاندىكى ئانىلاردىن مۇنداق ئوغۇل يەنە تۇغۇلماس! — دېيىشىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي تەرىپ - تەۋسىپ قىلىشتى. بۇلارنىڭ مەدھىيە سۆزلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كەردان شاھنىڭ كۆڭلىگە غايىبانە ئوت تۇتاشتى، ئۇ شاھزادىنى بىر كۆرمەككە ئىنتىزار بولدى.

كەردان شاھ:

— شەھەر خەلقىگە مەلۇم قىلىڭلار. ھەر كىمنىڭ شىكار ئارزۇسى بولسا، پالانى تاغ ئېتىكىگە قەدەم يەتكۈزگەي! — دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن ۋەزىرلىرىگە ئەمىر - لەشكەرلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايغا شاھانە بارگاھ تىكىشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى شاھنىڭ شىكار تاماشاسىدىن ئىشىتىڭ:

شىكار ئارزۇسىدا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ سەھراغا يىغىلدى. بىر كۈنى كەردان شاھمۇ خۇشاللىق ئىزدىگۈچى ئىقبال ئىگىلىرى بىلەن بىللە شىكار قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ، ئۆز دۆلەتخانىسىغا قايتىپ ئاسايىش تاپتى. ئۆتكەن قېتىم شىكارغا كەلگەن نۆكەرلەردىن بىرى يوشۇرۇنچە ھۆسنئابادقا بېرىپ مەلىكىگە خەۋەر

بەردى. مەلىكە دەرھال ئۆزى قولى بىلەن سوۋغا - سالاملارنى ھازىرلاپ، داستىخان راسلاپ شاھ بارگاھىغا يەتكۈزدى. مەلىكىنىڭ خىزمەتكارلىرى سوۋغا - تارتۇقلارنى كەردان شاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، دۇئا قىلىشىپ قايتىشتى.

مەلىكە شاھزادە مۇنەۋۋەر قىياپىتىدە ياسىنىپ - تارتىنىپ، بىرنەچچە خاس خادىمى بىلەن شىكار قىلىپ كەردان شاھ بارگاھىغا يېقىن جايغا يەتتى. ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان نۆكەرلەر دەرھال كەردان شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شاھ مەلىكىنىڭ ئىستىقبالىغا كاتتىلاردىن نەچچىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ بارگاھىغا چۈشۈردى. شاھ مەلىكىگە ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى. دۇئا ۋە پاتىھەدىن كېيىن كۆردىكى، نۆكەرلىرى ئەقلى يەتكىنىچە مەلىكىنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى قىلىشىۋېتىپتۇ.

كەردان شاھنىڭ دىلىدا يەنە ئوت يېنىشقا باشلىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەي پەرۋەردىگارىم، ماڭىمۇ مۇشۇ يىگىتتەك بىر پەرزەنت ئاتا قىلغان بولساڭ، ئۇ كۆزۈمگە نۇر، بېلىمگە قۇۋۋەت بولسا!...» دەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاتتى.

دەرھەقىقەت، مەلىكە ھۆسن - لاتاپەت، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە گەپ - سۆزدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشكۈدەك يەنە بىر دانىشمەن تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىدى.

ئەلقىسسە، كەردان شاھ ئۆز قەدرىگە لايىق ئىنئاملار، زىياپەتلەرنى ھەقدادىغا يەتكۈزدى. مەلىكىنىڭ ئەسلى - نەسەبىنى سوراپ، ئۇنىڭغا زىيادە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. دۆلەت كاتتىلىرىنى گۇۋاھچى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا بولۇشتى. شاھزادە مۇنەۋۋەرمۇ شاھ ھۇزۇرىدىكىلەرنى شاھىت قىلىپ، كەردان شاھنى «ئاتام» دەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۇردى. ھەممىگە سەرپاي ئىنئام قىلىپ، ئۇلاردىن ئاتا - بالىلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا ئالدى. سۆھبەت ئاخىرلىشىپ ئىجازەت ۋاقتى يەتتى. شاھزادە

مۇنەۋۋەر ئەدەپ بىلەن:

— ئەي ئاتا، ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەن پېقىرنىڭ مەنزىلىگە قەدەملىرىنى يەتكۈزگەيلا. مەنمۇ بىر كۈن بىئارمان خىزمەتلىرىدە بولۇۋالسام، — دەپ شاھتىن ئىجازەت ئالدى.

مەلىكىنى شاھ ئۆزى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. مەلىكە ئۆز جايىغا كېلىپ چۈشتى ۋە دەرھال زىياپەتنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇندى.

بۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. مەلىكە ھۆسنئابادتىكى ھەممە ئادەمنى يىغدۇرۇپ، زىياپەت تەييارلىقىنى پۈتكۈزدى. ئارقىدىن ھەممەيلەن، بەللىرىگە خىزمەت كەمىرىنى باغلاپ، كەردان شاھنىڭ يولىغا كۆز تىكىپ تۇرۇشتى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كەردان شاھتىن ئىشتىڭ:

ئەزبىرايى، كەردان شاھ مېھمان بولۇش ئۈچۈن نۆكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، سەھرالارنى تاماشا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەلىكىنىڭ تەيىنلىگەن كۆز - قۇلاقلىرى ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىشتى. مەلىكە مەردانە لىباسلارنى كىيىپ، پۈتكۈل ھۆسنئاباد خەلقى بىلەن بىللە پىيادە يورۇپ كەردان شاھنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. تا يېرىم فەرسەخ① يەرگىچە پاياندازلار سالدى. غۇلاملار تاۋاق - تاۋاق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى چاچقۇ قىلىشتى.

ئەلقىسسە، مەلىكە كەردان شاھنى ئەنە شۇنداق سەلتەنەتلەر ئىچىدە ئالتۇن قەسىرگە چۈشۈردى. سىپاھلىرىغا مۇۋاپىق جاي تەيىنلەپ، تا ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە شۇنداق كاتتا زىياپەت بەردىكى، شۇ چاغقىچە ھېچكىم بىراۋغا بۇ قەدەر كاتتا ساھىبدارلىق قىلىپ باققان ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، كەردان شاھنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالدى. مەلىكە شاھقا توققۇز خىل سەرپايىدىن بوغچا ھازىرلاپ، لەئىل - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن قوشۇپ سوۋغا قىلدى. كەردان شاھ ئۆمرىدە مۇنداق خۇشال بولغان ئەمەس ئىدى. مەلىكە يەنە شاھنىڭ نۆكەرلىرىگە ئەمەللىرىگە مۇناسىپ ئىنئاملار بەردى.

ئەلقىسسە، مەلىكە كەردان شاھنى شۇ قەدەر داغدۇغا بىلەن ئۇزاتتى. كەردان شاھ بۇ ئوغۇلنىڭ بۇ قەدەر دانىشمەن ۋە مەردلىكىگە توختىماي ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتىپ، سانادىن تىلىنى توختىتالمايتتى. نۆكەرلەر بولسا، جان - جىنىدىن شاھزادىگە دۇئا قىلىشاتتى.

ئۇلار تا شەھەرگە يەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كەردان شاھ ئەمر قىلىپ بىر نامە پۈتكۈزۈپ پېچەتلىگەندىن كېيىن، ئۇنى بىرنەچچە خاس خادىمغا تاپشۇرۇپ:

— سىلەر دەرھال بېرىپ، ئوغلۇم شاھزادە مۇنەۋۋەرنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى.

ئەلقىسسە، كەردان شاھ ئەۋەتكەن نامىنى خاس خادىملار مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە خاس خادىملارنى ئەلچىخانىغا چۈشۈرۈپ، شەرىپىگە زىياپەتلەر بەردى.

شاھ ئەۋەتكەن نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئەي ئوغلۇم مۇنەۋۋەر شاھ، نامە يەتكەن ھامان بۇ قېرى ئاتاڭنىڭ كۆزلىرىنى قەدىمىڭنىڭ تۇپرىقى بىلەن روشەن قىلغايسەن !»

شاھ نامە ئارقىلىق ئىنتىزارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

شۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ مەلىكە ياسىنىپ - تارىنىپ، يۈزگە يېقىن مەھرەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئەلچىلەر بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كۆلىكە - چاچقاقلار ئىچىدە شەھەرگە يەتتى. شاھنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى دەرھال: «شاھزادە مۇنەۋۋەر پالانى يەرگە كەلدى» دەپ شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شاھ كاتتىلاردىن نەچچىنى ئىستىقبالىغا

① تەخمىنەن 3.12 كىلومېتىر.

چىقىرىپ، ئۇلارنى چەكسىز ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ھەركىم مەلىكىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئاشىق ۋە شەيدا بولاتتى.

مەلىكە تاكى ئۆز ئۆيىگە يەتتى. كۆردىكى، دەرۋازا پېچەتلىنىپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈچ - تۆت يېرىگە قۇلۇپ سېلىنىپتۇ. مەلىكە ئاھ تارتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە شاھ دەرگاھىغا يەتتى. كەردان شاھ شاھزادە مۇنەۋۋەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تەختتىن چۈشتى. شاھزادىنى قۇچاقلاپ ئوڭ يېنىغا — ۋەزىرلەردىن يۇقىرى جايغا ئولتۇرغۇزدى. زىياپەتلەر قىيامىغا يەتتى. دۇئايى پاتىھەدىن كېيىن شاھ «شاھزادە»نى قولىدىن تۇتۇپ خاس خانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئوردا خاتۇنلىرى، شاھنىڭ قىزلىرى، مەزلۇمە، كېنىزەكلەر ھېسابسىز چاچقۇلار چاچتى. «شاھزادە» ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئاندىن دۆلەتمەن سودىگەر - بايلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭمۇ كۆزلىرىنى يورۇق قىلدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇ تەرىقىدە يۈرۈپ، ئاندىن ئەدەپ بىلەن:

— ئەمدى ھۆسنىئابادقا قايتاي. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىمەن، — دەپ رۇخسەت سورىدى. شاھ خۇشاللىق بىلەن رۇخسەت بەردى. مەلىكە ئاتقا مىنىپ ھۆسنىئابادقا قاراپ يول ئالدى. ئۆز تۇرالغۇسىغا بېرىپ راھەت تاپتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شەھەرگە كېلىپ، كەردان شاھ ھوزۇرىدا ئارام ئالدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە شۇ تەرتىپتە بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە شاھ:

— ياخشى يەردىن بىرىگە ھويلا - جاي راسلاپ بېرەي. ناۋادا ئۆيلىنىشنى خالىساڭ، كاتتا يەردىن ئۆيلەندۈرۈپ قوياي، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئىمارەت سېلىشقا لايىق بىر جاينى تاللا، — دېدى.

شاھزادە دۇئالار قىلىپ:

— ئەي بۈيۈك شاھىم، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھويلىنى كۆرگەنىدىم. دەرۋازىسى پېچەتلىنىپ، قۇلۇپلىنىپتۇ. شۇ ھويلىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەن بولسىلا، بەندىلىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن بولاتتىلا، — دېدى. شاھ يۈرەك - باغرىدىن چىقىرىپ دەردلىك بىر ئاھ تارتتى ۋە:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەگەر سەندىن ئۆزگە ھەركىم بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چىقارغان بولسا، تىلىنى سۇغۇرۇپ ئالار ئىدىم. ھالا سەندىن بۆلەك مېھرىبانىم يوقتۇر. ئۇ ھويلىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم، — دېدى ۋە، — بېرىپ ئىشىكلەرنى ئېچىپ ھويلا - ھۇجرىلارنى سۈپۈرۈپ - تازىلاپ، ئۆيلەرگە زىلچە - پالاسلارنى سېلىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلاڭلار! — دەپ يۈزچە ئادەمنى ئەۋەتتى. شۇ كۈنى خاجە بەرزۇخنىڭ ھويلىسى يەنە بېزىلىپ تۈزەشتۈرۈلدى. ئۇ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكە شاھتىن ئىجازەت ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە كەلدى ۋە خۇدايىتائالاغا ھەمدۇسانالار ئېيتتى، پېقىر - مىسكىنلەرگە كۆپ خەير - ئېھسانلار قىلدى. ئالاھازەل، بىر ھەپتە ئۆز ئۆيىدە تۇرسا، بىر ھەپتە ھۆسنىئابادقا بېرىپ كۆڭلىنى خۇشال قىلاتتى.

ئەمدى گەپنى پەرى رەۋشەن زەمىر بىلەن يەنە مەلىكىدىن ئىشتىڭ:

بىر كۈنى شاھزادە مۇنەۋۋەر تەۋازۇ بىلەن گويا بىرەر ئەرزى باردەك قىياپەتتە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغانىدى. شاھ بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، نېمە مۇددىئايىڭ بار؟ تۇرقۇڭدىن قارىغاندا بىرەر گېپىڭ باردەك قىلىدۇ. قېنى بايان قىلغىن! — دېدى.

شاھزادە مۇنەۋۋەر:

— ئەي ئاتا، پىر - ئۇستازلىرى — پەرى

رەۋشەن زەمىرگە بىر زىياپەت بېرىپ، دۇئاسىنى ئېلىۋالسام، دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئىجازەت بولارمىكىن؟ — دېدى.

شاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. مەلىكە بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ، شۇئان ئۆيىگە بېرىپ، شۇ قەدەر ھازىرلىقلار قىلدىكى، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. ئەزبىرايى، شەيخنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ساراي خوجىسىنى ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ شەيخنى زىياپەتتىن خەۋەردار قىلدى. شەيخ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى. ساراي خوجىسى قايتىپ كېلىپ مەلىكىگە مەلۇم قىلدى. مەلىكە تۆت يۈز ئادەمگە لايىق زىياپەت ھازىرلىقلىرىنى راسلىتىپ، ھەممىنى تەخ قىلىپ قويدى. ئۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭ يورۇدى. چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ئەتراپتا داغدۇغا پەيدا بولدى. قارىغۇدەك بولسا، شەيخ — پىرى رەۋشەن زەمىر ئادىتى بويىچە ھەربىر قەدىمىدە ئالتۇن خىش ۋە كۈمۈش خىشلارنى بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ. خادىملار دەرھال ئالدىغا چىقىپ شەيخنى ۋە ئۇنىڭ تۆت يۈز مۇرىتىنى باشلاپ مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئەتراپقا نەزەر سېلىپ مال - بىسات، ھازىرلىقلارنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇغرى تىللىرى بىلەن: «بۇ مال - بىساتلارمۇ پات ئارىدا بىزنىڭ بولغۇسىدۇر» دېيىشەتتى.

ئەلقىسسە، بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى. زىكىر - سۆھبەتلەر تاماملىغا يەتتى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەلىكە شەيخنى يەنە ھەددى ھېسابسىز سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ ئۇزاتتى. شەيخ ئۆز خانىسىغا قايتتى. ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتتى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكە بىلەن شەھەرنىڭ قۇر بېشىدىن ئىشتىڭ:

مەلىكە يېرىم كېچىدە يوشۇرۇنچە كىشى ئەۋەتىپ شەھەرنىڭ قۇر بېشىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئەرەنچە لىباسلار بىلەن ياسانغان مەلىكە قۇر بېشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دۇئا ۋە پاتىھەدىن كېيىن دېدىكى:

— ئەي كېچىلەرنىڭ سەردارى ۋە پاسبانى، بىلەمسىز، بۇ ئوغرىلار ھە دېگەندە شەھەرنى خاراب قىلىشىپ يۈرۈيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

قۇر بېشى يىغلاپ، كۆپتىن - كۆپ دەرد ئېيتىپ:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئوغرىلارنىڭ سەۋەبىدىن يۈرەك - باغرىم قانغا تولدى. نېمە قىلارىمنى ھېچ بىلەلمىدىم، — دېدى. مەلىكە:

— ئەي قۇر بېشى، ۋاقىت - سائىتى يەتتى. غەم يېمىگىن. ئىنشائاللاتائالا، بۇ ئوغرىلار پات پۇرسەتتە قولغا چۈشكۈسىدۇر! — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئاندىن:

— قانچىلىك مىرشەپلىرىڭ بار؟ — دەپ سورىدى. قۇر بېشى:

— ئىككى يۈز، — دەپ جاۋاب بەردى. مەلىكە:

— يەنە ئىككى يۈز پالۋان تېپىپ، ئادىمىڭنى تۆت يۈزگە يەتكۈز. ھەممىسىنى قورال - ياراغ بىلەن جابدۇغىن. تا ھەربىرىدە بىر كىشىنى بەند قىلغۇدەك ئارقانمۇ بولسۇن. كېچىلەپ كېلىپ ھويلىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇڭلار. ئوغرىلار تۆت يۈز كىشىدۇر. ئۇلار مال - بىساتنى ئېلىپ بولغۇچە ئۈن چىقارماي جىم تۇرۇڭلار. قاچانكى، ئۇلار مال - بىساتنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ ماڭسا، شۇ چاغدا ئۇلارغا بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىرىڭلار بىردىن ئادەمنى باغلاپ بەند قىلىڭلار. تا مەن بېرىپ شاھقا خەۋەر يەتكۈزگۈچە ئوغرىلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ماللارنى ھەرگىز يەشمەڭلار. شاھ ئەمرى يەتكەن ھامان ئۇلارنى شۇ ھالەتتە شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغايسىلەر، — دېدى. ئۇلارغا يەنە بىرمۇنچە تەلىم بېرىپ، ئىنئاملار ھەدىيە قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

قۇر بېشى مەلىكىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ھازىرلىق كۆرۈپ تەق بولۇپ تۇردى.

(داۋامى بار)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)




توپلىغۇچىلاردىن: يۇمۇرلۇق، ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن ئەلگە تونۇلغان شائىر نىياز باقى 1896 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھېدىلىيۇزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدا غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدا بالا ئوقۇتقان. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن غورىبەتچىلىكتە ئۆتكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش، تارىخ ئۆگىنىش ۋە يېزىشتىن توختىمىغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ، يېزىپ توپلىغان شېئىرلىرى، ئەدەبىي ـ تارىخىي قولىيازمىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ 1972 ـ يىلى 2 ـ فېۋرال ئۆز يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكە قوزغايدىغان يۇمۇرلۇق، ھەجۋىي شېئىر ـ قوشاقلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا يادلىنىپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلمەكتە.

بىز ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلانغان ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

* * *

## ئاخۇنۇم

ئەتىياز پەسلىنىڭ تازا سېرىق تال مەزگىلى ئىكەن. شەھەردىن چىققان بىر موللا بامدات نامىزىدىن كېيىن، مەسچىت ئەھلىگە ئېغىزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ خېلى ئۇزاق ۋەزخانلىق قىپتۇ. ئۇ پانىي ئالەمدىكى ساۋابلىق ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىردا جامائەتتىن ئۆزىگە سەدىقە تىلەپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ:

— قېنى، ئاللانىڭ مېنىڭدەك مۇساپىر، يار ـ يۆلەكسىز بىر قۇلىغا شاپائەت ۋە ساخاۋەت قولۇڭلارنى ئېچىڭلار! — دەپتۇ.

جامائەت سۇكۇتكە چۆكۈپتۇ. شۇ چاغدا نىياز باقى ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەي ئاخۇنۇم، تەپسىر قىلىپ، بىكار ياتما،
قۇرئان دېگەن ئۇلۇغ نەرسە، پۇلغا ساتما !
نەپسى شەيتان قاپقىنىدىن بولغىن يىراق،
ئەپسانىيەت چۆللىرىگە كىرىپ چاپما !
جامائەتنىڭ كۆپچىلىكى نامرات ـ گاداي،
بىلىپ تۇرۇپ پۇل بېرىشكە بىزنى چاتما !
«خەير قىلساڭ جەننىتى سەن، قىلالمىساڭ
دوزىخي !» دەپ سورىقىڭغا بىزنى تارتما !
توققۇزى تەل باي، شاڭيۇلار ئېھسان قىلار،
دۇئا قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن چاپان ياپما !
پۇل بولسىلا بېرەر ئىدۇق، يانچۇق قۇرۇق،
بۇ گېپىمگە بىر پەتىۋا ئىزدەپ تاپما !
تۇغىمىدى ھازىرغىچە سوغ ـ قەھرىتان،
ئات ـ ئۇلاغقا يېتىشمىدى چۆپ ھەم سامان.
باھار يېتىپ كەلگەن بىلەن قار كەتمىدى.
تېخىچىلىك تۇگىمىدى جۇت ـ شۇۋرغان.
يەنە ئون كۈن مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە،
زاغرىمىزمۇ ئۈكسۈپ قالار، قىلما گۇمان.
كانايغا يوق، سۇناي ئۈچۈن نەدىكىنى؟
مۇشۇ كۈندە بىزگە زىندان كەڭرى جاھان.
ئەي ئاخۇنۇم، سېخىي بولساڭ، بىزگە بېرىپ،
كېتىۋەرسەڭ بولامدىكىن شەھەر تامان !
يوقسۇللاردىن تەمە قىلما ئەتىيازدا،
ئاقىل بولساڭ، يوق گەپنى قوي، بولما نادان !
دېھقان دېگەن قويدىن ياۋاش، بولسۇن ئامان،
مۇشۇ كۈندە پۇل سورىغىنىڭ بولدى يامان ! »

دېگەنىكەن، ھېلىقى موللا ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قاپتۇ. جامائەت مەسخىرىلىك كۈلۈشكىنىچە مەسچىتتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئۆي ئىجارە ئېلىش

نىياز باقى ھېدلىيوزىگە دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەندە، ئىمامنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق، بۇ ئۆي بورا، قومۇش، ياغاچلىرى سېسىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان پاكار، زەي ئۆي بولغاچقا، كېچىچە ئۆيىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن شىرىلداپ توپا قۇيۇلۇپ چىقىپتۇ. ئۆي ئۆگزىسىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرىگەن نىياز باقى ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىمامنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن:

— تەقسىر، ئۆيلىرىدىن ئەنسىرەپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. نېمىشقا دېسىلە، ئۆيىنىڭ ۋاسا ـ جەگىلىرى غاراسلاپ، توپا تۆكۈلۈپ چىقتى، — دېگەنىكەن، ئىمام بۇ گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ:

— ئۆيۈم كونا بولسىمۇ، ئەنسىرەش ھاجەتسىز. بۇ ئۆي ناھايىتى «تەقۋادار»، ئۇ كېچىچە تەڭرىگە زىكىر قىلىپ چىقىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نىياز باقى ئۇنىڭ گېپىگە قارىتا:

— ئۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ زىكىر قىلىۋەرسىغۇ مەيلى ئىدى، بىراق ئۇستىمىزگە سەجدە قىلىۋەتسە، يا دوزاخقا، يا جەننەتكە كىرەلمەي ئارىلىقتا قېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ۋە مۇنۇ قوشاقنى توقۇپتۇ:

«ئۆيىڭىزگە كۆچۈپ كەلدىم،
ئىجارىگە قوي بېرىپ.
كونا يۇرتتىن ئايرىلدىم،
خوشلىشىشقا توي بېرىپ.

ئەي ئاخۇنۇم، ئۆيلىرى
ئۇزۇن ياشاپ قېرىپتۇ.
«زىكىر» قىلىپ خۇداغا،
مۇكچىيىپتۇ، ھېرىپتۇ.

ياغاچ، بورا، قومۇشى
ئۇخلىيالمىدى ھەسرەپ.
ياتالمىدى شوڭلاشقا،
بالا ـ چاقام ئەنسىرەپ.

پاكار ئىكەن تاملىرى،
خۇددى ساستەك نەم ئىكەن.
تۇرۇۋەرسەك مۇشۇنداق،
ئۆتەر كۈنۈم غەم ئىكەن.

قايتا ياساپ بەرسىلە،
قەسەم قىلاي تۇرماققا.
ئاندىن ئوبدان تويغۇزاي
گۆشنان، پولۇ، قويماققا.

ئەي ئاخۇنۇم، ئويلىشىپ،
قۇتقۇزسىلا غېمىمدىن.
قالماي يەنە ئايرىلىپ،
كونا ئۆيدە جېنىمدىن!
قانچە كەتسە ياساشقا،
ياردەم قىلاي يېنىمدىن!»

شۇنىڭ بىلەن قاتتىق خىجالەت بولغان ئىمام نىياز باقى ئۆلتۈرغان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ، تۈزەشتۈرۈپ بېرىپتۇ.

## چاقچاق

نىياز باقى دۆڭمازارغا بېرىپ، بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ساھىبخانا ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنى بىر ئولتۇرۇشقا باشلاپ بېرىپتۇ. غىزادىن كېيىن ناخشا ـ ئۇسسۇل باشلىنىپتۇ. ئارقىدىن ئۆزئارا چاقچاققا تۇتۇنۇپتۇ. بىر چاغدا دۆڭمازارنىڭ چاقچاقچىسى ئىمىر دېگەن يىگىت نىياز باقىنىڭ خۇشچاقچاق، ھازىر جاۋاب شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا چاقچاق باشلىنىپتۇ. بارا ـ بارا ئىمىر نىياز باقىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە جاۋاب ياندۇرۇشقا ئىلاجسىز قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى تەن ئالماي، قوپال چاقچاق قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئاخىر:

«ئاڭلىغاچقا مەن سېنى چاقچاقچى دەپ،
ساڭا گەپ ـ سۆز تاشلىدىم بىر سىناي دەپ.
دەسلىپىدە سىلىق ـ سىلىق سۆزلىدىم،
گەپدانلىقىڭ قانچىلىككىن بىلەي دەپ.
قايىل قىلساڭ بۇ سورۇندا گەپ بىلەن،
ئەل قاتارى مەنمۇ سېنى سۆيەي دەپ.
گەر سەن قالساڭكى مەندىن يېڭىلىپ،
شۇ ھامان ئۆز مەھەللەڭگە سۈرەي دەپ.
چاغلىقكەنسەن، تۈرسەنغۇ ھەسرەپ،
بولدى قىلغىن، كۆپ جۆيلۈمە كۈرەڭلەپ.
ئۆپكەڭ سېنىڭ بىر تىنىقا زار ئىكەن،
قاپسەن مانا ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆلەي دەپ.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


قازا قىلساڭ، بېرىپ قالسام نامازغا،
نىيەت قىلدىم جىنازاڭنى يۆلەي دەپ.
تۆپرىقىڭغا چىقاتتىم ئەل قاتارى،
تۆپرىقىڭنىڭ توپىسىغا ھۆرەي دەپ !»

دەپ نىياز باقىنىڭ زىققا كېسىلىنى چىشلەپ تارتىپ،ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەپتۇ.

ئىمىرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن سورۇن ئەھلى سۆكۈتكە چۆكۈپ، ئۆي ئىچى خۇددى مازاردەك جىمىپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك نىياز باقىنىڭ جاۋابىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ.

نىياز باقى بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىمىرگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىر كۆزىنىڭ ئەلەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

«مەن چاقچاقچى ئەمەس ئىدىم، بۇرادەر،
گەپ باشلىدىڭ ئۆزۈڭ مېنى سىناي دەپ.
ئىلاجىم يوق چۈشۈپ قالدىم مەيدانغا،
يېڭىۋالساڭ ساڭا قەنت چاي تۇتاي دەپ.

دەسلىپىدە ساڭا مەنمۇ يول قويدۇم،
مېھمان بولغاچ، گەپلىرىڭگە ئۇناي دەپ.
يول قويغانچە ئېشىپ كەتتىڭ ھەددىڭدىن،
بەل باغلىدىم سەندىن بىر گەپ سوراي دەپ.

مەيلى يەڭگىن ياكى يېڭىلگىن، پەرق يوق،
مەقسەت قىلدىم، شېرىن سۆھبەت قۇراي دەپ.
خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن زادىلا،
ساڭا ئوخشاش ئاغزىمنى سەت بۇزاي دەپ.

نەزەر سالسام جىمىپ كەتتى ئولتۇرۇش،
باھا بېرىپ ساڭا ‹چاپىقاق موماي› دەپ.
سۆكۈت دېمەك ــ نەپرەت دېمەك، بىلىپ قوي،
گەپ باشلىدىم سېنى بابلاپ ئۇراي دەپ.

دۆڭمازاردا نامىڭ ئىكەن ئىمىر قان،
يۈرسەنكەن قانلىرىڭنى چاچاي دەپ،
توقۇمىڭنى ئالدىڭ مانا قارنىڭغا،
ئېشەك كەبى قوتىنىڭغا چاپاي دەپ.

بىر كۆزۈڭنى قويۇۋېتىپسەن يايلاقتا،
كۆنۈپ قالسا بېكىپولاتقا قاتاي دەپ.
بىر كۆزۈڭنى كۆندۈرۈپسەن باغلاقتا،
ئۇۋغا چىقسام مەرگەن بولۇپ ئاتاي دەپ.

خىيالىمدا ئايلانماقتا بىر نىيەت،
يانپىشىڭدىن كانارىغا ئاساي دەپ.
مەيلى ئالسۇن، يا ئالمىسۇن نەق ـ نېسى،
ئۈچىرىغانغا زورلاپ ـ تېڭىپ ساتاي دەپ.

مەن چاقىرسام نەلەرگىدۇ قارايسەن،
تېزرەك كېتىپ، ئۆز ئۆچكەمنى باقاي دەپ.
قاسساپ بىلەن ناۋايغا تەڭ قاراپلا،
تاش سورايسەن چېگىتمىنى چاقاي دەپ.

كەلگەنىدىم ئوبدان مېھمان بولاي دەپ،
نىيىتىم يوق ئولتۇرۇشنى بۇزاي دەپ.
چوكۇلدىدىڭ يېتىم قالغان چۈجىدەك،
قوغلىدىمەن كاتەكىڭگە سولاي دەپ.

ئەي بۇرادەر، رەنجىمىگىن سۆزۈمدىن،
ئەيىب دەسلەپ ئۆتۈپ كەتتى ئۆزۈمدىن.
مەن ئەزەلدىن گەپ بىلمەيتتىم زادىلا،
بۇ گەپلەرنى ئۆگەندىم دەل كۆزۈڭدىن».

دېگەنىكەن، سورۇن ئەھلى قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ، نىياز باقىغا بارىكاللا ئوقۇپ ماختىشىپتۇ. ئىمىر شۇئان ئۇنىڭغا قەنت ـ چاي تۇتۇپ، ئەپۇ سوراپتۇ.

## پەلەك

نىياز باقى دۇكاندىن چىقىۋېتىپ قىستاڭچىلىقتا بىر يىگىتكە سوقۇلۇپ كەتكەنىكەن، ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ:

ـ ئەي ئەبگاھ گاداي! يولۇڭنى تېپىپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟ ـ دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپتۇ.

بۇ گەپتىن قاتتىق رەنجىگەن نىياز باقى ئۇ يىگىتنى توسۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

«راست گەپ قىلدىڭ، باي ئىكەنسەن، مەن گاداي،
سەندەكلەرنى كۆرگەندىم بىر تالاي.
ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەزىلەتنى ئۆگەنمەي،
نەدە قالغان يېتىمەكسەن بىر سوراي؟!
سەنمۇ بىزدەك ئەبگاھ ئىدىڭ ئەسلىدە،
قېنى، دېگىن ئەسلىي نەسلىڭ ساپمىدى؟
چوڭ بوۋاڭنى ھېزىم ئابدال دەيدىكەن،
بۇردا زاغرا تىلەپ نەگە چاپمىدى؟!

ئاتا ـ ئانام ئىشلەپ ئۆلگەن داداڭغا،
شۇ چاغدىمۇ ئاتىلاتتۇق بىز مالاي.
يەتتە ياشقا كىرەر ـ كىرمەي مېنىمۇ
ئاتاڭ ئۇرۇپ، باققۇزاتتى قوي ـ موزاي.
سېنىڭ داداڭ قادىر پوقاق تېخىچە
سائىل دېگەن چاپىنىنى ساقلىدى.
جازانە ۋە قىزىل كۆزلۈك يولىدا
ھىيلە بىلەن ئۆز نامىنى ئاقلىدى.

نەدە بىزگە جان باقماققا تۈزۈك يول،
ھەر قايسىڭغا تەۋە ئىدى ئاق ساراي.
تەتۈر ئىكەن بۇ پەلەكنىڭ قىسمىتى،
مەھشەر كۈنى دادىخاھقا مەن باراي.
ھازىرمۇ شۇ ئاتاڭ دېگەن نائىنساپ
ھەر ئىشىدا پۇلى بارنى ياقلىدى.
مەنسەپ تۇتقان باي بولۇشقا ھېجىيىپ
خۇشامەتتە، ئىچ ـ قارنىنى بابلىدى.

توغرا دېدىڭ، پەلەك بىزگە باقمىدى،
شۇڭلاشقىمۇ ئىشلىرىمىز ئاقمىدى.
بۇ گادايلىق تۇرۇۋۇەرمەس بىزدىلا،
دېمەك، ماڭا مۇشۇ سۆزۈڭ ياقمىدى.
ئىككى قولى ئەل قېنىدا بويالغان،
جاپاكەشتىن نېمە مەنپەئەت تاپمىدى؟!
بەگ ـ شاڭيۇنىڭ ئايغىدا ئۆمىلەپ،
نامراتلارغا ناھەق بۆھتان چاپلىدى.

سىڭىپ كەتكەن چېقىمخورلۇق قېنىغا،
ھېلىغىچە سەت ئېغىزنى ياپمىدى.

ئاشۇ ئابدال، خوڭخورلارنىڭ نەسلىسەن،
بىر سالجىدىن ھاسىل بولغان ئەسلىي سەن.
ئېيتىپ باققىن، بۇ يېزىدا قېنى كىم

ئەجرى بىلەن ھەرقايسىڭنى باقمىدى؟

‹ئەبگاھ›، دېدىڭ ھاقارەتلەپ مېنى سەن،
ئەسلىي ‹ئەبگاھ›، سائىللارنىڭ بىرىسەن.
ھامان بىزگىمۇ پەلەك ئۇلۇغ كەلگۈسى،
بۇ سۆزۈڭگە شۇ چاغ جاۋاب بېرىسەن.»

## دەڭجاغا

قەھرىتان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز باقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ داشگۇ يېزىسىغا كېتىۋېتىپ چەيلەڭزە دېگەن يەرگە كەلگەندە، شىددەتلىك شۇۋۇرغان چىقىشقا باشلاپتۇ. كۆز ئېچىپ ماڭغۇدەك ئىمكانىيەت قالمىغاچقا، نىياز باقى يول ئۈستىدىكى بىر دەڭگە چۈشۈپ، مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئېتىنى مىڭ تەستە باغلاپ، دەڭجانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. دەڭجا بۇ تار، زەي پۇراپ تۇرغان ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان غۇۋا يېنىپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا مەشنى قۇچاقلاپ دېگۈدەكلا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئۆيگە سالام بېرىپ كىرىپ كەلگەن نىياز باقىنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرى ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرىدىكى قىرووغا دىققەت قىلمايلا:

ـــ كېلىڭ، نەدىن كەلدىڭىز، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ خوتۇن ـ بالىلىرىڭىز بارمۇ؟ مەن ئاران توققۇز قېتىم ئۆيلەندىم. سىزچۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەن كاساپەتنىزە، دۇمبالاپ تۇرمىسا ئادەم بولمايدۇ. سىز ئايالىڭىزنى ئۇرامتىڭىز؟ مەنزە، كۈنگە ئايالىمنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ تۇرمىسام، ئۇيقۇم كەلمەيتتى، ـــ دېگەندەك پەلپەتىش سۆزلەرنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

دەڭجانىڭ تۇترۇقسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان نىياز باقى مەشنىڭ يېنىغا جايلىشىپ، قولاقچىسىنى سۇپىغا قويغاندىن كېيىن، دەڭجاغا قاراپ:

«كېلىپ قالدىم بۇ يەرگە جىلىۋزدىن ، يىراقتىن،
ئاۋۋال ئىسسىق ئۆي بەرگىن، قوتۇلدۇرۇپ سوغۇقتىن.
‹بىر ھارغاندىن گەپ سورىما، بىر ئاچقاندىن› دېگەندەك،
قالايمىقان گەپ قىلما، ئەھۋال سورا قورساقتىن.

گەپ ئۇقمىدى شۇۋرغان يېغلىسامۇ يېلىنىپ،
ئۇششۇك تەگدى بېشىمغا دەسلەپ بۇرۇن ـ قولاقتىن.
جوتتا قېلىپ يولدىلا، ئاران كەلدىم بۇ يەرگە،
ئايرىلغىلى تاس قالدىم مىنىپ كەلگەن ئۇلاقتىن.

«يول ئازابى ـــ گۆر ئازابى، دېگەنىكەن كونىلار،
يولدا كۆرگەن مۇشەققەت ئېغىر ئىكەن دوزاختىن.
بۇنداق سوغۇق كۆرمەپتىم، سەن كۆرگەنمۇ بىلمىدىم،
پىسەنت قىلماي يىڭنىدەك ئۆتتۇۋەردى تۇماقتىن.

ئاۋۋال تويغۇز قورساقنى، ئاندىن كۆرسەت ياتاقنى،
يۈرىكىمگە تاڭغۇدەك بولدۇم قازان، ئوچاقنى.
«ئاچ قەدرىنى توق بىلمەس»، ھالىڭ نېچۇك دېمىدىڭ،
يەڭگىل قىلىپ بويۇڭنى، قۇتۇلدۇرغىن ئازابتىن !»

دېگەنىكەن، دەڭچا خىجىل بولۇپ، نىياز باقىنى ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ.

## چايپۇرۇشقا

شەھەرگە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەن نىياز باقى قاراچاي ئالماقچى بولۇپ، چايپۇ-رۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ـــ ماڭا قاراچايدىن بىر بولاق بەرسىلە ! ـــ دەپتۇ. لېكىن، چايپۇرۇش ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن:
ـــ قاراچاي يوق ! ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
نىياز باقى پەشتاختىغا قارىغانىكەن، دەرۋەقە ئۇ يەردە قاراچاي كۆرۈنمەپتۇ.
نىياز باقى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، چايپۇرۇش ئۇنىڭغا ھومىيىپ:
ـــ ئەي سەھرالىق تومپاي، قاراچاي يوق دېگەننى ئاڭلىمىدىڭمۇ، گاسمۇ سەن؟ ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ.
چايپۇرۇشنىڭ قوپاللىقىدىن رەنجىگەن نىياز باقى پەشتاختىنىڭ ئالدىغىراق سىلجىپ:
«ئەسسالام ئەلەيكۇم دەي، چايچى ئاكا،

مەن سەھرادىن كېلىپ قالدىم شەھرىڭىزگە.
سالام بېرىپ تونۇشۇپلا كېتەي دېدىم،
چاينى ساتقان ياش ۋە قېرى ـــ بەرىڭىزگە.

ھەقىقەتەن ئىشكاپتا چاي كۆرۈنمەيدۇ،
راستىنى دەڭ، يوشۇردىڭىز نەرىڭىزگە؟!
يالغانچىلىق ئەسقاتمايدۇ، بىلىپ قېلىڭ،
مېنىڭ بۇرچۇم ـــ سېلىپ قويۇش سەمىڭىزگە !

ئىچكىرىدىن ھەر خىل چايلار كېلىدىغان،
ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىلەرگىمۇ بېرىدىغان.
خالىغاننى خېرىدارلار تاللىۋېلىپ،
ئوقىتىڭلار خېلى راۋان سۈرىدىغان.

ئەمدىلىكتە چايلار كۆپلەپ كەلمەمدىكىن؟ !
كەلگەن بولسا، يا سىلەرگە بەرمەمدىكىن؟ !
بىر قاراچاي ئېلىپ ئۆيگە چىقالمىساق،
ئۆيدىكىلەر جېدەل ـ ماجىرا تەرمەمدىكىن؟ !

سەھەرلىقنىڭ ئاياللىرى چايخۇمارى،
غوۋغا قىلسا، ساق بېشىمىز قاتامدىغان؟ !
شاما چايناپ يۇرەلمىسە، گاراڭ بولۇپ،
نوغۇچىنى بېشىمىزغا ئاتامدىغان؟ !

چاينى ئاچچىق سېلىپ سۈت چاي ئىچەلمىسە،
غونان قوينى بىرلا چايغا ساتامدىغان؟ !
شۇنداق بولسا گادايلىشىپ نىياز باقى،
تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىپ ياتامدىغان؟ !

ئەي بۇرادەر، ئېلىۋەتكىن چايدىن بىرنى،
پەشتاختاڭنىڭ ئاستىغا قول پاتامدىغان»

دەپتۇ. چايپۇرۇش قوشۇمىسىنى تۇرۇشنى ياكى ھېجىيىپ كۈلۈشنى بىلەلمەي، پەشتاختىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان چايدىن بىر بولاق ئېلىپ، نىياز باقىغا بېرىپتۇ.

## پەرىجە

نىياز باقى پەرىجە تىكتۇرمەكچى بولۇپ ئالغان رەختىنى داۋۇت سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. داۋۇت ئۇستام ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچەۋېلىپ:

— پەرىجىنى بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ ئېلىۋېلىڭ، ئەمما مانجىسىنى ئالدىنئالا بېرىۋېتىڭ ! — دەپ تىكىلمىگەن پەرىجىنىڭ مانجىسىنى ئالدىن ئېلىۋاپتۇ.

نىياز باقى ۋەدە بويىچە بىر ئازنىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، داۋۇت سەيپۇڭنىڭ قېشىغا پەرىجىنى ئالغىلى بارغانىكەن، ئۇ:

— كېيىنكى ھەپتىدە كېلىڭ ! — دەپتۇ.

نىياز باقى كېيىنكى ھەپتىسى بارسا، داۋۇت سەيپۇڭ يەنە ئۈچ كۈن مۆھلەت سوراپتۇ. ئەنە شۇنداق تۇراقسىز ۋەدىلەرنى بېرىۋېرىپ، ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزگەن داۋۇت سەيپۇڭ ئاخىر بىر كۈنى پەرىجىنى پۈتكۈزۈپ، نىياز باقىغا تاپشۇرۇپتۇ.

نىياز باقى پەرىجىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئەمدىلا كىيىشكە غولى ۋە قولتۇقلىرى تارتىشىپ، ۋارتىلداپ سۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشتىن قاتتىق رەنجىگەن نىياز باقى داۋۇت سەيپۇڭغا مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

«داۋۇت ئۇستام، نامىڭ قۇتلۇق، ئۇلۇغ ئىكەن،
مىنگەن ئېتىڭ خېلى داڭلىق تورۇق ئىكەن.
ئەل ئارا سەن سەيپۇڭ دېگەن ئاتاق ئاپسەن،
نامىڭ ئۇلۇغ، ئەمما سۇپىراڭ قۇرۇق ئىكەن.

پىرىڭ ئىدرىس سەندەكمىدى، بىلەلمىدىم،
قىلغان ئىشىڭ ھۈنەر ئەمەس، قۇۋلۇق ئىكەن.

ئەتە ــ ئەتە دېگەن ۋەدەڭ تالاي بولدى،
نىياز ساڭا مۇشۇ ئۈچ ئاي مالاي بولدى.

بوسۇغاڭنى ئېشىۋەتتىم تالاي كېلىپ،
بۇ ئىشىڭنى بىلمەسلىككە سالاي بولدى.
پەرىجەڭنى ئالمىساممۇ دەۋايىم يوق،
كىيمەستىنلا ئاخىرەتكە باراي بولدى.

ئۇستا دېگەن سەندەك بولسا مىڭ پەندىيات،
بىر بالامنى سەيپۇڭلۇققا تاڭاي بولدى.
ياكى ئۆزۈم قايچا تۇتۇپ، رەخت پارچىلاپ،
جان كەتسىمۇ سەيپۇڭ بولۇپ قالاي بولدى.
يېڭىسىنى تىكىپ بەرسەڭ مەيلى دەيمەن،
ئۇ پۈتكۈچە ئىككى - ئۈچ يىل قاراي بولدى.

ئەر ئۆمرىدە تىكتۈرگەنمەن يېڭى چاپان،
نېسىپ بولماي قالدى مانا كەيمەكلىكىم.
بىر پېشىنى ئۇزۇن قىلىپ، بىرنى قىسقا
تىكىپ قويساڭ، لازىممىدى بىلمەسلىكىم؟!
دەزمال سېلىپ بىر چىرايلىق قاتلىساڭمۇ،
لازىم ئىكەن، ئەمدى بىلدىم، كۆرمەسلىكىم.

مانجىسىنى ئالدىنئالا بېرىۋەتتىم،
ھەممە سەيپۇڭ سەندەكمىدۇ، پۇلغا ئامراق؟

سىغماي قالدىم پەرىجەڭنىڭ ھويلىسىغا،
ئۇنى ئاز دەپ سالغان ياقاڭ كىچىك، مايماق.
سەيپۇڭلۇقنى ئۆگەتكەن داڭ ئۇستاڭ كىممۇ؟
سوراپ باقاي، ئۇ ئۆگەتكەن زادى قانداق؟ !

داۋۇت سېنىڭ نەرىڭ سەيپۇڭ، نەرىڭ ئۇستا،
ماختىمايمەن، ئايالىممۇ سەندىن پۇختا.
خېرىدارنى مانا شۇنداق كومىلاۋەرسەڭ،
ئۆز بېشىڭغا سېلىنىدۇ تۆمۈر نوقتا.
ئاڭلا ئوبدان، بېرەي ساڭا بىر مەسلىھەت،
بۇ يولۇڭدا مېڭىۋەرمە، ئەمدى توختا !

ئۆزۈڭ كەيگىن، ئەگرى كارناي پەرىجەڭنى،
بۇندىن كېيىن مارىمايمەن دېرىزەڭنى.
مەنچە بولسا سەيپۇڭلۇقنى تاشلاپ قويۇپ،
باشقا ئىشقا سەرپ قىلغىن ئەقىدەڭنى.
بىر پۇتۇڭمۇ ساڭگىلاپتۇ گۆر ئېغىزىغا،
ۋاقتىنى تۇت، ئىسراپ قىلما دەقىقەڭنى!»

دەپتۇ - دە، دۇكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. داۋۇت سەيپۇڭ بولسا، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

## ئوخشىتىش

بىر باي ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسىگە قارىمايلا، ئالدىغا بىرەر پارچە گۆش قويۇپ، شورپا بىلەن قىممىزغا سوغۇق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىدىكەن. سوغۇق سۇ قوشۇلغان شورپا بىلەن قىممىزنى ئىچكەن مېھماننىڭ ھايال ئۆتمەيلا قورساقلىرى غۇرۇلداپ، ئىچى سۈرۈپ كېتىدىكەن ياكى قەي قىلىۋېتىدىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن باي كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ ھوزۇرلىنىدىكەن.

بىر كۈنى نىياز باقى ھېلىقى باينىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئىمىر ئەللىكبېشى دېگەن كىشى قەي قىلىۋېتىپتۇ.

قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان باي نىيازنى كۆرۈپ:

—— قېنى نىياز، قوشاقچى بولساڭ، بۇ ئەللىكبېشىنى بىر ئوخشىتىپ باققىنا ! —— دەپتۇ. نىياز باقى بايغا قاراپ:

«كۆل سۈيى بار ھەممە ئادەم ئىچىدىغان،
يۇمشاق گۆش بار بىر قاينىسا پىشىدىغان.
نەپسىنى دەپ ئايانماستىن كۆپرەك يېسە،
قورسىقىڭنى كورۇلدىتىپ چۈشىدىغان.

،قارنى يامان تويدا ئۆلەر، بۇ گەپ ئېنىق،
كىشى يوقتۇر بۇ نەقىلنى ئۇقمايدىغان.
سۇنى قوشۇپ شورپا، قىمىز بېرىۋەرسە،
قېنى كىم بار، دەل مۇشۇنداق قوسمايدىغان؟ !»

دەپ باي بىلەن ئەللىكبېشىنى تەڭلا بابلاپتۇ.

## داخانغا

كېرىم داخان دېگەن بىر كىشى قۇرئى سېلىپ، كىتاب ئېچىپ، يۇرت ئەھلىنىڭ يوقالغان، ئوغرى ئالغان نەرسە ـ كېرەكلىرى ۋە بەزى كېلىشمەسلىكلىرى ھەققىدە خۇددى ئەۋلىيادەكلا ھۆكۈم قىلىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ مىنىپ يۈرىدىغان خېچىرى يوقاپ كېتىپ، ھەرقانچە ئىزدىسىمۇ چىقماپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان نىياز باقى داخاننىڭ ساختا نىقابىنى ئېچىپ تاشلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كېرىم داخاننى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى راسا ماختىغىلى تۇرغاندا ئۇچرىتىپ قاپتۇ ـ دە، سۆزدىن توختىتىپ:

«كېرىم ئاكا، سەن ئۆزۈڭنى ماختىما،
قۇرئى تېشى، پال كىتابىنى ساقلىما !
كىم ئىشەنسۇن قىرىق بىر تاش سۆزلىسە،
يالغان سۆزلەپ دانىيالنى ياقلىما !

ئەۋلىيادەك يوقنا ھۆكۈم قىلىسەن،
ياخشىلارغا بۆھتان توقۇپ چاپلىما !
ئىشىنەتتۇق پالچى، رەمچى ئۆلمىسە،
كاززاپلىقنىڭ پالتىسىنى ساپلىما !

راستچىللىقنى يەرگە كۆمۈپ تاشلىدىڭ،
تۆھمەتخورلۇق كەتمىنىنى كاپلىما !
ئەخمەق، نادان سۆزلىرىڭگە ئىشەنسە،
پۇرسەت كەلدى دەپ، ئۇلارنى بابلىما !

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى راست بىر تۇتام،
پەردازلىما، قوم چاقىڭدا چاقلىما !

سىر كۆرستىپ، سۆزلىرىڭنى كۆپتۈرۈپ،
نەپسىڭنى دەپ، كىشىلەرنى ئالدىما !

ئۆز ـ ئۆزۈڭگە ئىشلىمەمدۇ ئەپسۇنۇڭ؟
تىلغا ئېلىپ بۇ ئىشىڭنى ئاقلىما !
تاپقۇرلۇقنى ئۇنتۇپ قالساڭ ئەگەر دە،
ئەسقاتىدۇ دەپ قايتىدىن يادلىما !

ئۆز سىرىڭنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ نامايان،
بولدى قىلغىن، بۇ ئىشىڭدىن دادلىما !
قار ئاستىدا ساقلايمەن دەپ ئۆلۈكنى،
قەھرىتاندا قېلىن قاردا قاپلىما !

پاقا ئۆكۈز بولالمىغان ئەزەلدىن،
سەنمۇ دوراپ كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما !
ئەگرى يولدا مېڭىپ كۆرمە مالامەت،
،مەن ئۆزۈم بىر ئەۋلىيا !، دەپ شاخلىما !»

دېگەنىكەن، كېرىم داخان گەپ ـ سۆز قىلالماي قاپتۇ.

# ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرى

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپكى ۋەزىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە تەلەپ - ئارزۇلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ژۇرنالدا ئەسلىدە بار بولغان سەھىپىلەرگە بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەسىس قىلىنغان. ژۇرنىلىمىز تۆۋەندىكى سەھىپىلەر بويىچە ئەسەر قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ:

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىجاد قىلغان ياكى تەرجىمە ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن ھەرخىل تۈر ۋە ژانىردىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بېرى ياراتقان ياكى تەرجىمە قىلغان تارىخىي خاتىرە، تەزكىرە، ساياھەت خاتىرىلىرى تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

**شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدەبىي مىراسلار ياكى ئۇلاردىن نەمۇنىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز:** بۇ سەھىپىگە تۈرلۈك مەزمۇندىكى قەدىمكى خەت - چەكلەر، يەر خېتى، مىراس خېتى، ئېلىم - سېتىمغا دائىر قەدىمكى يازما كېلىشىملەر، ۋەخپە - تەۋلىيە خەتلىرى، ئەرز خېتى، سالام خەتلەر ۋە باشقا خەت - چەكلەر بېرىلىدۇ.

**شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي خاتىرىلەر، تەزكىرىلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى، ھۆججەت، ۋەسىقىلەردىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان ياكى ئاغزاكى تارقالغان خەلق داستانلىرى، خەلق قىسسىلىرى، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپىلەر، لاپلار، ھېكايەتلەر، بېيىت - قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر، مەسەللەر ۋە باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر:** بۇ سەھىپىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ۋە ئۇلار ياشىغان زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنىك ناملار، يەر - جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئارخېئولوگىيە، دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىپ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، ئۆرپ - ئادەت، ھۈنەر ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە دائىر تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ھۈنەر، سەنئەت ۋە دىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى، تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى، شۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ سەھىپىدە يەنە ھۈنەر ۋە سەنئەتكە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە رىسالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى، شەرق ۋە غەربنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە ئەكس ئەتكەن پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەلىرى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلگەن تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلىرى، ساغلاملىققا دائىر ھېكمەت دۇردانىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، شۇنداقلا باشقا ئىلىم - پەن ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچى - ئالىملىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

بىزدىكى ئەخلاق - پەزىلەت: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

بىزدىكى مائارىپ، تەنتەربىيە: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ قاراشلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا تەتقىقاتى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان ئەنئەنىۋى قانۇن - نىزام، ئەمر - پەرمانلار، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ئەجدادلار نەسىھىتى: بۇ سەھىپىدە قەدىمكىلەردىن قالغان تۈرلۈك تېمىلاردىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ھېكمەتلەر خەزىنىسى: بۇ سەھىپىدە قەدىمكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى، كلاسسىكلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر ئەدەبىي مىراسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

مەشھۇر ئەسەرلەر: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجاد قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

مەشھۇر شەخسلەر: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر خەلقلىرىدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى: بۇ سەھىپىدە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئىزاھلانغان، تەھلىل قىلىنغان ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسلىكەردىكى قىيىن نۇقتىلار، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆز - ئىبارىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابلار ئېلان قىلىنىدۇ.

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان تۈرلۈك ژانىردىكى بىئوگرافىك ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

تارىختىن ئىزلار: بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، يېقىندىن يېزىلغان تارىخىي تېمىدىكى تۈرلۈك بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلاردىن پارچىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە: بۇ سەھىپىدە ئەدەبىياتىمىزدا يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى يېڭى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا يېزىلغان باھا - تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئۇچۇرلار: بۇ سەھىپىدە يېڭى خەۋەر - ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز يۇقىرىقى سەھىپىلەرنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ھەرقايسى سانلارغا بۆلۈپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىجرا قىلىدۇ. ئاپتورلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سەھىپىلەر بويىچە يازغان ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، بۇ سەھىپىلەردىن بەھرە ئېلىشنى ئىزدىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.


Beijing 2008
中国移动通信
CHINA MOBILE
北京2008年奥运会合作伙伴
Partner of the Beijing 2008 Olympic Games
شىنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەتتە
كۆتۈلمىگەن خۇشاللىقلار بار
بۈگۈندىن ئېتىبارەن جۇڭگو كېزەر ئابونېنتلىرى 28 يۈەن ئايلىق ئىقتىدار ھەققى (ھەر ئايدا) تاپشۇرۇپ شىنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەت بوغچىسىنى بېجىرسە شۇ زامان كۈچكە ئىگە بولۇپ، 2 ئاي ئىچىدە ئۆزى ھەق تۆلەيدىغان ۋە ئۆلكىلەر ئارا كەزمە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەزمە مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شىنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەت ھەققىدە چاقىرىش-چاقىرىلىشنىڭ ھەر مىنۇتى 0.4 يۈەن . ئابونېنتلارنىڭ شىنجاڭ ئىچىدىكى كەزمە مۇلازىمىتىدە يەنىلا ئەسلىدىكى ھەق ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ.
بېجىرىش ئۇسۇلى:
1. www.xj.chinamobile.com غا چېقىڭ.
2. ئابونېنتلار يەنە تىجارەت ئالدى سۇپىسى ۋە ئېلېكترونلۇق يول (قىسقا ئۇچۇر تىجارەت زالى، تور پونكىتى تىجارەت زالى) ئارقىلىق بېجىرسە بولىدۇ.
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
ئابونېنتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 10086 www.xj.chinamobile.com
جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گورۇھى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى





جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ

جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىدا ئۆز جايىدا تۇرۇپ تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ، ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالى بار، سىگنالى ياخشى، مۇلازىمىتى ئەلا بولۇپ، ئۇ پۇل تېجەپ بېرىدىغان ياخشى ياردەمچىمىز.

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇش ھەققىمۇ ئەرزان، ئۆز جايىدا تۇرۇپ 12593 ئارقىلىق دۆلەت ئىچىگە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا، ئايلىق ئىقتىدار ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ، ئۆز جايىدا تۇرۇپ بىۋاستە ئۇرغاندا، بوش ۋاقىتلاردا (يەنى كەچ سائەت 9 دىن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 7 گىچە) مىنۇتىغا ئاران 1 مو 9 پۇڭلا ئېلىنىدۇ؛ قالغان ۋاقىتلاردا ھەر مىنۇتىغا 3 مو 9 پۇڭ ئېلىنىدۇ. مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ.

شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ تور نومۇرى: 150 158 159 139 138 137 136 135

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقىلار شىنجاڭ ۋاقتى بولۇپ، مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۆز جايىدىكى تىجارەت زالىدىن سوراڭ.

轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى

www.xj.chinamobile.com 10086



# 源 泉(布拉克)

# بۇلاق

(维吾尔文) 总122期 (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 122 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明 副主编:艾则孜·吐尔迪

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:6.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58 باھاسى: 6.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043